ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# شاھزادە بىلەن ئالۋاستى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





ISBN 978-7-228-10811-4

定价：4.50元

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# شاھزادە بىلەن ئالۋاستى



«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئۈرۈمچى 2007 -يىلى



**图书在版编目(CIP)数据**

王子与魔鬼：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. -乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
(维吾尔民间故事)
ISBN 978-7-228-10811-4

Ⅰ.王… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族-民间故事-作品集-中国-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006096号

策　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**王子与魔鬼**（维吾尔文）
**(维吾尔民间故事)**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.625印张
2007年1月第1版 2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10811-4 定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# شاھزادە بىلەن ئالۋاستى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.625
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 1
ISBN 978-7-228-10811-4
باھاسى: 4.50 يۈەن





# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇللۇق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېپىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۈيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئۇسكەك پادشاه (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى قاينا، چۆگۈن (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئەقللق كەنجى قز (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى هەركم قلسا ئۆزىگە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى يالتايغاق بوۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئۇجمە سايسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئەپچىلەم (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئارغماق ماجراسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئككى باينى ئەپلگەن مالاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئۆرگلىۋاي بلەن چۆرگلىۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى يەتتە لڭگلتاق بلەن بر شڭگلتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى شېتلە بلەن پېتلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى پادشاهنڭ كۈننى ئۆزارتشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئېشەكنى ئۇرۇپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى موللام ئوغرنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى قازان تۇۋى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى شاه بلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتىپلرى — 1، 2، 3، 4، 5 (هەر برى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلرى (هېسام چاقچاقلرى) — 1، 2 (هەر برى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللرى — 1، 2 (هەر برى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلرى — 1، 2، 3 (هەر برى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلرى — 1، 2 (هەر برى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلرى (3.50 يۈەن)

( بۇ بر يۈرۈش 55 كتابنڭ ئومۇمي باهاسى 244.50 يۈەن )



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


شاھزادە بىلەن ئالۋاستى.........................1
خىسلەتلىك گۈل.........................8
بېلىقچىنىڭ قىزى.........................14
مىس باش.........................21
ئەجدىھا يىگىت.........................39
ئىناق دوستلار.........................52




# شاھزادە بىلەن ئالتۇن ئالۋاستى

بۇرۇن بىر شاھزادە بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ خانىش ئانىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، خانىشمۇ شاھزادە ئوغلىغا ئىنتايىن ئامراق ئىكەن. شاھزادە خانىش ئانىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچ يەرگە بارمايدىكەن، خانىشمۇ شاھزادە ئوغلىنىڭ دىگىنىنى قىلىپ بەرمەي قالمايدىكەن، ئوغلىدىن بىردەممۇ ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە خانىشتىن شىكارغا چىقىش توغرىسىدا ئىجازەت سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. خانىش نائىلاج شاھزادىنىڭ شىكارغا چىقىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ. شاھزادە خانىشنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن تاغ باغرىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك بىر ئورمانلىققا كەپتۇ. شاھزادە ئۇ يەردە بىر ساھىبجامال قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ مۈرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان قويۇق ئالتۇن چاچلىرى، مىسران قىلىچتەك ئىنچىكە قەلەم قاشلىرى، مەرۋايىت - ئۈنچىلەردەك ئاپئاق چىشلىرى، پىشقان گىلاستەك قىپقىزىل لەۋلىرى، ئويناق چەشمە كۆزلىرى...

شاھزادىنى ئۆزگە مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. ساھىبجامال قىز
نازۇكەرەشمە ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرىدىغان چەشمە كۆز-
لىرى بىلەن شاھزادىگە شۇنداق بىر نازاكەتلىك باقاندى-
كەن، شاھزادە شۇ ھامان مەستۇ مۇستەغرەق قايىنىمىغا
غەرق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ، ئۇنىڭ قەلبى-
نى ئاجايىپ كۈچلۈك ئىشق - مۇھەببەت رىشتىسى چىر-
مىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شاھزادە ھېلىقى گۈزەل
ئورمانزارغا بېرىپ ساھىبجامال قىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇ-
رىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە ۋەدىلەشكەن قاراردا
ئورمانزارلىققا يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ساھىبجا-
مال قىز بىر بۇلاق بويىدا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان
مەجنۇنتالغا يۆلەنگىنىچە كۆزىنى بۇلاقتىن ئۈزمەي غەم -
غۇسسە قايىنىمىغا پېتىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ چىرايىدىكى
ئىلگىرىكى خۇشخۇي نازۇكەرەشمە ئورنىنى خاپىلىقنىڭ
قارا بۇلۇتلىرى توسۇۋالغانلىقىنى كۆرگەن شاھزادە ھەم
تەئەججۇپ، ھەم ئەنسىرەش ئىچىدە:

— ئى ساھىبجامال گۈزىلىم، سىزگە نېمە بولدى؟
ياكى ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ سىزگە نېمە بەرسەم، ئايدەك
گۈزەل جامالىڭىزدىن غەم - غۇسسىنىڭ قارا بۇلۇتلىرى
تارقىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ساھىبجامال قىز بېشىنى
چايقاپ، ئاغرىپ قالمىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپتۇ ۋە
شاھزادىگە قاراپ:

— ئى شانۇ شەۋكەتلىك شاھزادە، سىز ماڭا بىر يىگ-

نه ئەكېلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

شاھزادە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىغا بېرىپ خانىش ئانىنىڭ بىردىنبىر تەۋەررۇك يىگىنىسىنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ساھىبجامال قىزنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىق بۇلۇتلىرى تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق ئاپتىپى قاپلاپتۇ. ئۇلار بۇلاق بېشىدا شېرىن مۇڭدىشىپ، قۇياش تاغ كەينىگە مۆككەندە، ئەتىسى يەنە شۇ قەرەلدە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىپ ئايرىلىشىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە شۇ قەرەلدە بۇلاق بېشىغا بېرىپ قارىسا، ساھىبجامال قىز يەنە خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك خاپا ھالدا ئولتۇرغۇدەك. شاھزادە يەنە تۈنۈگۈنكى سۆزلەرنى تەكرارلاپ، ئۇنىڭدىن:

— سىزگە نېمە بەرسەم، ئاي جامالىڭىزنى توسۇۋالغان خاپىلىق بۇلۇتلىرى تارقىلىپ، خۇشاللىق ئاپتىپى چىقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ساھىبجامال قىز شاھزادىدىن بىر دانە تۈگمە ئەكېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. شاھزادە شۇ ھامان ئوردىغا بېرىپ ئانىسىنىڭ خانىشلىق زەر تونىنىڭ ئالتۇن تۈگمىسىنى ئەكېلىپ ساھىبجامال قىزغا بېرىپتۇ. ئاندىن ساھىبجامال قىزنىڭ ئاي جامالىغا سايە سالغان خاپىلىق بۇلۇتلىرى تارقىلىپ، خۇشاللىق ئاپتىپى پارلاپتۇ. ئۇلار بۇلاق بېشىدا ئۇزاققىچە شېرىن سۆھبەتلەر قىلىشىپ، قۇياش تاغ كەينىگە مۆككەندىن كېيىن، ئەتىسى يەنە شۇ قەرەلدە كۆرۈشۈشنى ۋەدىلىشىپ قايتىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە بۇلاق بېشىغا كېلىپ قارىسا، ساھىبجامال قىزنىڭ

چىرايىدىكى خاپىلىق بۇلۇتلىرى شاھزادىگە غەزەپ مۆلدۈر-لىرىنى ياغدۇرۇپ تۇرغۇدەك. شاھزادە ھەيرانۇھەس بولۇپ، يەتتە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، سا-ھىبجامال قىزنىڭ غەزەپ مۆلدۈرلىرى يېغىپ تۇرغان كۆ-زىگە قاراپ:

— ئى ساھىبجامال گۈزىلىم، سىزگە نېمە بولدى؟ سىز نېمىشقا خاپا بولدىڭىز؟ سىزگە يەنە نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. ساھىبجامال قىز بولسا تال - تال ئوقيا كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چەشمە كۆزلىرىنى شاھزادىگە ئەمەس، بەلكى كۆپكۆك ئاسماندىكى قوي پادى-لىرىدەك ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارغا تىككىنىچە خى-يال سۈرۈپ جىم تۇرۇۋاپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە بىتاقەت بولۇپ:

— ئى ساھىبجامال گۈزىلىم، سىزگە ئاشۇ ئاپئاق بۇلۇتتەك توپ - توپ قوي پادىلىرى ئەكېلىپ سوۋغا قىلايمۇ يا؟ مەن سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. پەقەت سىزنىڭ ئاشۇ ئاي جامالىڭىزدىن خاپىلىق بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، خۇشخۇي، نازاكەتلىك كۈلكە ئاپتىپىنى كۆرۈشكە مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا، سىز مەيلى نېمىنى تەلەپ قىلسىڭىز، تەلىپىڭىزنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييار-مەن، — دەپتۇ ۋە ئىلتىجا ياشلىرى قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرى بىلەن ساھىبجامالغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ساھىبجامال قىز ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئالماشتۇرۇپ، بىر خىل

كۆچلۈك تىلىنىش ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى شاھزادىگە تىكىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئى شاھزادە يىگىت، ئەگەر سىز مېنى خۇشال قىلىشنى ئويلايدىكەنسىز، ماڭا سىز خانىش ئانىڭىزنىڭ سوقۇپ تۇرغان قىزىق يۈرىكىنى ئەكېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك.

شاھزادە ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن ھالدا ھەيرانلىق پاتقىقىغا پېتىپ، ئۆز ئورنىدا قېتىپلا قاپتۇ. بۇ چاغدا ساھىبجامال قىزنىڭ چەشمە كۆزلىرىدىن گوياكى يىپى ئۈزۈلگەن ئۈنچىلەردەك ياش ئۈنچىلىرى ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى بىئارام بولغان شاھزادە





ئېسىنى يىغىپتۇ. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئۇچقاندەك ئوردىغا ــ خانىش ئانىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا خانىش ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەنىكەن. شاھزادە دەرھال ئانىسىنىڭ كۆكسىنى يېرىپ، ئۇنىڭ سوقۇپ تۇرغان قىزىق يۈرىكىنى ئېلىپ ساھىبجامال قىزنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپتۇ. شاھزادە ئورمانلىققا يېتىپ بارغاندا، ئۆزىنى بەجايىكى بىر قاپقاراڭغۇ شام گۆر ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەپتۇ. ئۇ ھەربىر قەدەم تاشلىغاندا، بەدەنلىرىگە گوياكى يىڭنە سانجىلغاندەك تىكەن ـ چاتقاللار سانجىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ يەنە بىر قەدەم مېڭىشىغا بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدىكى ئانىسىنىڭ يۈرىكىدىن شۇنداق بىر ئىدا كەپتۇ:

ــ ئى ئوغلۇم ! يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ؟ بىر يېرىڭ قاتتىق ئاغرىپ كەتتىمۇ؟ ئوغلۇم، مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم. سەن ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپسەن. سەن بەرگەن يىڭنىنى ئۇ بەدىنىڭگە سانجىدى. ئوغلۇم، سەن خۇشال قىلماقچى بولغان بۇ ساھىبجامال قىز سۈرىتىدىكى ئالۋاستى سېنىڭمۇ يۈرىكىڭنى كاۋاپ قىلىپ يېسە، ئاندىن بىردەملىك خۇشال بولۇپ، خۇنۇك چىرايى ئېچىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسەن؟... ئوغلۇم ! سەن ئەمدى كىچىكتىڭ، ئاھ... ئەقىلسىز ئوغلۇم !

ئانىنىڭ يۈرىكىدىن چىققان بۇ سادادىن تاغلار تىترەپ، ئاسماندا كۈچلۈك چاقماق چېقىلىپتۇ. شاھزادە چاق-

ماق يورۇقىدا ساھىبجامال قىزنى ئۆزى سوۋغا قىلىپ بەرگەن يىڭنىنى نەيزە، تۈگمىنى قالقان قىلىپ، ئەجدىھا-دەك ئاغزىنى ئېچىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە ساھىبجامال قىز تەرەپكە قاراپ ئىنتىلىشىگە خانىش ئانىسىنىڭ يۈركى ئۈنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپتۇ - دە، كۈچلۈك يالقۇن-غا ئايلىنىپ، ساھىبجامال قىزنىڭ قولىدىكى نەيزە، قالقان-نى ئېرىتىپ تاشلاپ، ساھىبجامال قىزنىمۇ تۇتۇنگە ئايلان-دۇرۇۋېتىپتۇ. شاھزادىنىڭ پۇت - قولى بوشىشىپ، كۆزد-گە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، كۆزىنى قايتا ئاچالماپتۇ.

# خىسلەتلىك گۈل

ئۆتكەن زاماندا قىسمەت دېگەن بىر تەنھا دېھقان بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى تاغقا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. بىر يىلى ياز ناھايىتى ئىسسىق كەپتۇ، قۇياش نۇرى تاغنى ئوتتەك قىزىتىۋېتىپتۇ. قىسمەتنىڭ پۇتۇن ئەزالىرىدىن سۇ تۆكۈلگەندەك تەر ئېقىپتۇ، ئۇنىڭ تەرى ئېقىپ چۈشكەن يەردىن بىر لەيلىگۈل ئۈنۈپ چىقىپتۇ. گۈل ۋىلىلداپ نۇر چېچىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن: «يالغۇزغا ھەمراھ بولاي، سەن بىلەن بىرگە بولاي، ناخشا ئېيتىپ، غەزەل ئوقۇپ ئىچ پۇشۇقۇڭنى ئالاي» دېگەن ناخشا ئاڭلىنىپتۇ. قىسمەت بۇ ئىشقا ھەيران بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شۇ گۈل قىسمەتنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى بولۇپ قاپتۇ. گۈلنىڭ يېقىملىق ناخشىسى قىسمەتكە چەكسىز كۈچ بېغىشلاپتۇ، قىسمەت ئىشلەپ ھارمايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى بىر توشقان گۈلنىڭ يېنىدىن سەكرەپ كېتىۋېتىپ، گۈلنى سىڭارىيان قىلىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىسمەتنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن گۈلنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، تەشتەككە ئېلىپ دېرىزىگە قويۇپتۇ. قىسمەت ھەر كۈنى كەچ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە بۇ گۈل خۇش پۇراق چېچىپ، يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بىر ئايەم كۈنى ئاخشىمى سۈتتەك ئايدىڭ بوپتۇ. قىسمەت چىراغ تۈۋىدە كۆڭلىكىنى ياماپ ئولتۇرسا، چىراغنىڭ پىلىكى بىر قىزىلگۈلگە ئايلىنىپ قاپتۇ. قىزىلگۈل بارا - بارا پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. گۈل ئىچىدە بىر پەرىزات پەيدا بوپتۇ ۋە: «قىزىلگۈل ئېچىلدى، خۇش پۇراق چاچتى. گۈل ئىچىدىن پەرىزات چىقتى» دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ. قىسمەت بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا، پەرىزات سەكرەپ چۈشۈپ قىسمەتكە سالام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېرىزىدىكى گۈل غايىب بوپتۇ. قىسمەت ئورنىدىن تۇرۇپ پەرىزاتقا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. پەرىزات كېلىپلا قىسمەتنىڭ قولىدىن كۆڭلەكنى ئېلىپ ياماشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپتۇ. پەرىزات بىلەن قىسمەت ئاينى گۇۋاھچى قىلىپ ئەر - خوتۇن بولۇشۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قىسمەت بىلەن پەرىزات ھەر كۈنى تاغقا بىرگە بېرىپ، كۆيۈپ - پىشىپ دېھقانچىلىق قىپتۇ. ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە پەرىزات چىراغ تۈۋىدە كەشتە تىكىپتۇ، قىسمەت سېۋەت توقۇپتۇ.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. ئۇلار جاپالىق ئىشلەپ

ئۇرغۇن ئاشلىققا ئىگە بوپتۇ، يەنە قوي، توخۇ بېقىپتۇ، تۇرمۇشى پاراۋان بوپتۇ.

قىسمەت باياشاتلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاينىپتۇ، ئىش خۇشىياقمايدىغان بوپتۇ، بىر قەپەسنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بېشى قايغان تەرەپلەرگە بېرىپ قۇشقاچ، تورغاي ئويناپ يۈرىدىغان بوپتۇ. پەرىزات بۇنىڭغا خاپا بولۇپ قىسمەتكە نەسىھەت قىپتۇ. ئۇ نەسىھەتنى ئاڭلىماپتۇ.

بىر كۈنى پەرىزات قىسمەتكە ئىككى چارەك ئاشلىق-نى، ئىشلىگەن كەشتىلىرىنى بېرىپ، بازارغا ئاپىرىپ سې-تىپ، پۇلىغا گۆش، نان ۋە كەشتە توقۇشقا يىپ، يەنە بىر كەتمەن، ئىككى ئوتىغۇچ، ئىككى ئورغاق ئەكېلىشنى بۇي-رۇپتۇ.

قىسمەت بۇ نەرسىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ ئېلىشىغا سېتىپ، ساتقان پۇلىغا يەپ - ئىچىپتۇ، پەرىزاتنىڭ دې-گەنلىرىنى ئورۇندىماي، پەرىزاتنى خاپا قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىسمەت ھەر كۈنى بازارغا چىقىپ، چوك يەپ - چوك ئىچىپ، ئىش قىلماي بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈپ، تاپقان - تەرگەننى يەپ بولغىلى تۇرۇپتۇ.

پەرىزات قىسمەتنىڭ ھۇرۇنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— بۇنداق بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈۋەرسىڭىز، تەس كۈنگە قالىمىز، ھۇرۇنلۇقنى تاشلاڭ، تاغقا بېرىپ دېھقانچىلىقىڭىزنى قىلىڭ، — دەپتۇ.

— تاغقا باراي دېسەم پۇتۇم ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ قىسمەت.

— ئەمىسە، سېۋەت توقۇڭ.

— قولۇم ئاغرىيدۇ.

شۇنداق قىلىپ قىسمەت پەرىزاتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. پەرىزات قىسمەتنى گەپكە كىرگۈزەلمەي غەمگە چۆكۈپتۇ، تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە بېشى قېتىپتۇ. شۇ يىلى دېھقانچىلىقتىن ھېچبىر ھوسۇل ئالالماپتۇ.

پەرىزات بىر كۈنى كېچىدە غەمگە پېتىپ چىراغ يورۇقىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرسا، ئۇشتۇمتۇت چىراغ پىلىكى گۈلگە ئايلىنىپتۇ. گۈل ئىچىدىن قاناتلىرى رەڭگارەڭ، ئاجايىپ چىرايلىق بىر توز پەيدا بوپتۇ ۋە: «قىزىلگۈل يەنە ئېچىلدى، ئۆز ھۆسنىنى كۆرسەتتى. قىسمەت ھورۇن بولۇپ كەتتى، ئەمدى بۇ يەردە تۇرمايلى، ئۆز جايىمىزغا كېتەيلى» دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ ـ دە، سەكرەپ چۈشۈپ پەرىزاتنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. پەرىزات غايىب بوپتۇ. توز ئۇچۇپتۇ، قىسمەت توزغا ئېسىلىۋاپتۇ، توزنىڭ بىر تال پېيى يۇلۇنۇپ قىسمەتنىڭ قولىدا قاپتۇ. توز دېرىزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسمەت داڭقېتىپ قاپتۇ.

پەرىزات ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، قىسمەت ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ ئۆيدە يالغۇز قاپتۇ، ئىش ـ ئوقەتمۇ قىلماپتۇ. كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ، ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەرنى سېتىپتۇ. ئۆيدە پەقەت ئۆزى ياتقان بىر پارچە

كىگىزلا قاپتۇ. قىسمەت ئەمدى بۇ كىگىزنىمۇ ئاچىقىپ ساتماقچى بوپتۇ. كىگىزنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا، كىگىزنىڭ ئاستىدىن پەرىزات ئىشلىگەن بىر دانە كەشتە گۈل چىقىپتۇ. قىسمەت كەشتىنى كۆرۈپلا قولىغا ئېلىپ باغرىغا تېڭىپ، پەرىزات بار چاغدىكى كۆڭۈللۈك، ھالاۋەتلىك كۈنلەرنى ئويلاپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. پەرىزاتنىڭ نەسىھەت، گەپ - سۆزلىرى ئەمدى كۆز ئالدىغا كەپتۇ، مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەتمەننى كۆتۈرۈپ تاغقا بېرىپ دېھقانچىلىق قىپتۇ، ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ سېۋەت توقۇپتۇ.

پەرىزات كەتكەندىن كېيىن قىسمەت توزنىڭ ھېلىقى قولىدا يۇلۇنۇپ قالغان بىر تال پېيىنى دېرىزىدىكى تەشتەككە سانجىپ قويغانىكەن. ئۇ ھەر كۈنى پەرىزاتنى يادلىغاندا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ نالە قىلىپ يىغلايدىكەن. قىسمەتنىڭ ياش تامچىلىرى تەشتەكتىكى توزنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى پەي لەيلىگۈلگە ئايلىنىپتۇ. گۈلدىن يەنە بۇرۇنقىدەك: «يالغۇزغا ھەمراھ بولاي، سەن بىلەن بىرگە بولاي، ناخشا ئېيتىپ، غەزەل ئوقۇپ، ئىچ پۇشۇقۇڭنى ئالاي» دېگەن ناخشا ئاڭلىنىپتۇ. قىسمەت بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ، خۇشلۇقتا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

قىسمەت ھەر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، لەيلىگۈل يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ، خۇش پۇراق چې-

چىپتۇ. يەنە بىر ئايەم ئاخشىمى سۇتتەك ئايدىڭ بوپتۇ. قىسمەت پەرىزاتنى ئويلاپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، چىراغ تۇۋىدە كۆڭلەك ياماپ ئولتۇرۇپتۇ. توساتتىنلا چىراغ پىلىكى ئۆتكەنكىدەك قىپقىزىل گۈلگە ئايلىنىپتۇ. قىزىل گۈل بارا - بارا پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. گۈل ئىچىدىن پەرىزات چىقىپتۇ. قىسمەت ئۆزىنى پەرىزاتنىڭ ئالدىغا ئېتىپتۇ. ھۇرۇنلۇق قىلىپ بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈپ، پەرىزاتنى خاپا قىلغىنىغا يۈز مىڭ تۆۋا قىپتۇ. پەرىزات قىسمەت بىلەن يەنە قايتىدىن ئەر - خوتۇن بولۇپ، ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنى باشلاپتۇ. ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، پەرىزات ئايدەك چىرايلىق ئوغۇل تۇغۇپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوغۇلمۇ چوڭ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشات، كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ.



# بېلىقچىنىڭ قىزى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ شۇنداق كېلىشكەن، ساھىبجامال قىزى بولغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىز ئوۋغا چىقماقچى بولۇپ:

— پۈتۈن شەھەرگە يارلىق چىقىرىڭلار، مېنىڭ بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىشنى خالايدىغان قىزلار بولسا، تېز ئوردىغا يىغىلسۇن، — دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قىزلار تەرەپ - تەرەپتىن ئوردىغا يىغىلىپتۇ. بۇ خەۋەر بېلىقچىنىڭ قىزىنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭمۇ ئوۋغا چىقىپ تاماشا قىلغۇسى كەپتۇ - دە، ئوردىغا بېرىپ قىزلار سېپىگە قوشۇلۇپتۇ. ھەممىسى جەم بولغاندىن كېيىن، جاڭگالغا ئوۋغا ئاتلىنىپتۇ. قىزلار ئوۋ ئوۋلاپ، تاماشا قىلىپ يۈرسە، ئارىدىن بىر قىز:

— ئەي قىزلار، ئاسمانغا قاراپ بېقىڭلارچۇ، بىر تەخت ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ قىزى:

— ئۇ چوقۇم سۇلايمان پادىشاھنىڭ تەختى بولسا

كېرەك، سۇلايماننىڭ تەختىنى دىۋە ـ پەرىلەر ھاۋادا كۆ-
تۈرۈپ يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان
بېلىقچىنىڭ قىزى:

— مەن سۇلايمان پادىشاھنىڭ خوتۇنى بولغان بولسام
قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى، — دېگەن گەپنى ئاغزىدىن
چىقىرىپ ساپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ قىزى دەرغە-
زەپكە كېلىپ:

— ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇڭلار ! بۇ نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىـ-
دۇ؟ ! ھەر كاتتا پادىشاھ، بايلارنىڭ قىزلىرى تۇرغان يەر-
دە، سەندەك بېلىق گۆشى يېگەن سېسىق بىرنېمىگە نېمە
قويۇپتۇ؟ ! — دەپ ئۇنى ئۇۋدىن قوغلاپ كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.
بۇ ئىش بېلىقچىنىڭ قىزىغا ئېغىر كېلىپ، كۆڭلى بەك
يېرىم بوپتۇ ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ: « ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردى-
گار، بىزمۇ سۇلايمانغا ئوخشاش سېنىڭ بەندەڭغۇ؟ ! ئۇنى
نېمىشقا پادىشاھ، بىزنى نېمىشقا بېلىقچى قىلىپ ياراتـ-
تىڭ؟» دەپ خۇداغا نالە قىپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئەرز ـ ھالى
خۇدانىڭ دەرگاھىغا يېتىپتۇ. شۇ چاغدا سۇلايمان پادىشاھ
شامالغا:

— مېنى گىلەم بىلەن ئۇچۇرۇپ ئالدىمىزدىكى بې-
لىقچىنىڭ قىزىنىڭ يېنىغا ئاپارغىن، — دەپ بۇيرۇق
قىپتۇ. شامال سۇلايمان پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلـ-
تۈرۈپ، ئۇنى ئۇچۇرۇپ بېلىقچىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە
كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلىگە، ئەي ئۇلۇغ خۇدا، سەن مېنى

پادىشاھ قىلدىڭ، نېمىنى قىل-
غۇم كەلسە شۇنى قىلالايمەن،
ھەتتا دېڭىزدىن تارتىپ شامال-
غىچە ھەممىسى مېنىڭ ئەم-
رىمنى تۇتىدۇ، لېكىن خۇدال-
قىڭغا شېرىك ئەمەسمەن، ئە-
گەر خۇدالىقىڭغا شېرىك كې-



رەك بولسا، مېنى شېرىك قىلارمىدىڭ؟ دېگەن ئوي
كېچىپتۇ.

ئۇ شۇ ئويلار بىلەن بىر دەريا بويىغا چۈشۈپتۇ ـ دە،
تاھارەت ئالماقچى بولۇپ قولىنى يۇغانىكەن، تۇيۇقسىز قو-
لىدىكى ئۈزۈك سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈزۈكنى ئال-
ماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىشىغا، بىر بېلىق پەيدا بولۇپ
ئۈزۈكنى كاپ قىلىپ يۇتۇۋېلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ، ئۇ
ئولتۇرغان تەختمۇ، شامالمۇ غايىب بوپتۇ. ئەسلىدە سۇلاي-
ماننىڭ كارامىتى ئۈزۈكتە ئىكەن، ئەگەر ئۈزۈكتىن ئاي-
رىلسا ھېچقانداق ئىش قىلالمايدىكەن: شۇ چاغدا سۇلايمان
پادىشاھ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى تونۇپ، «ئاھ، خۇدا، سې-
نىڭ ئالدىڭدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدۇم، كەچۈرگەيسەن» دەپ
يىغلاپ ـ قاقشاپ كېتىۋاتسا، بىر بېلىقچى ئۇچراپ قاپتۇ.
بېلىقچى:

— ئەي يىگىت، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سەرگەردانمەن، جاڭگال بالىسىمەن، يۇرتقا

بېرىپ، ئوغلى يوققا ئوغۇل، قىزى يوققا قىز بولىمەن، ئۆزۈمگە ئاتا تاپىمەن، — دەپتۇ سۇلايمان.
— ئىسمىڭ كىم؟
— سۇلايمان.
— ئۇنداق بولسا ماڭا بالا بولۇشنى خالامسەن؟
— خالايمەن.
بېلىقچى سۇلايماننى باشلاپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە بىر ئېغىز ئۆينى تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئۇ كۈندۈزى بېلىقچى بىلەن دەرياغا بېرىپ بېلىق تۇتسا، كېچىسى خۇداغا نالە قىلىپ ئۆز گۇناھىنى تىلەيدىكەن. بۇنى كۆرگەن بېلىقچى خوتۇنىغا:
— سۇلايمان ئەجەب ياخشى بالا ئىكەن، كۈندۈزى ماڭا ياردەملەشسە، كېچىسى تىنماستىن خۇدانى سېغىنىپ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىدۇ. قىزىمىزنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويمايلىمۇ؟ قىزىمىزمۇ، ئوغلىمىزمۇ ئۆيىمىزدىلا بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت سايپتۇ. خوتۇنى قوشۇلۇپتۇ.
ئەتە توي دېگەن كۈنى بېلىقچىنىڭ قىزى بۇ يۇرتتىكى پۈتۈن قىزلارنى تويغا چىللاپ كېلىمەن، دەپ دەريا ياقىسىدىن شەھەرگە بېرىپتۇ. قىزلار كىم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا:
— ئۆزى سۇلايمان پادىشاھ بولمىسىمۇ، ئىسمى سۇلايمان دېگەن يىگىت بىلەن توي قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەتىسى توي بوپتۇ. تويدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە غىزالىنىپ ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بېلىقچى بوگۈن كۈيئوغلۇمغا ئاتاپ بىر تور سالاي، ئۇنىڭ تەلىيىگە قانداق بېلىق چىقىدىكىن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆ- يى بولغاندىكىن ئۆزى خالىغانچە تاماق ئېتىپ يېسۇن، دەپ ئويلاپ، تورنى دەرياغا تاشلىغانىكەن، بىر كىچىك بېلىق چىقىپتۇ. بېلىقچى ئايرىم ئېلىپ قويۇپ، ئۆيىگە بارغاندا كۈيئوغلىنى چاقىرىپ ھېلىقى بېلىقنى بېرىپتۇ. قىزى بىلەن سۇلايمان بېلىقنى ئۆيىگە ئەكىرىپ بېلىقنىڭ قار- نىنى يارغانىكەن، سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئۈزۈكى چىقىپتۇ. ئەسلىدە سۇلايمان پادىشاھنىڭ كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل قىلىنغانىكەن. شۇ زامانلا ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپتۇ، قارىسا، دىۋىلەر ئۈزۈكنى ئالغىلى كېلىۋات-



قانكەن، سۇلايمان تېزلىك بىلەن خوتۇنىنىڭ قولىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ قولىغا سېلىۋاپتۇ ۋە دىۋىلەرگە قاراپ:

ـــ تەخت ئەكېلىڭلار! ـــ دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دىۋىلەر پەرماننى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. سۇلايمان قېيناتا ـ قېينانىسىغا شۇنداق دەپتۇ:

ـــ مەن سۇلايمان پادىشاھ ئىدىم، خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئاشىق بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تىلىگەن تىلىكىم خۇداغا يەتتى. ئەمدى بىز كەتمىسەك بولماس، خوش ئەمىسە، ـــ دەپ خوتۇنىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا، خوتۇنى سۇلايمانغا:

ـــ توختاپ تۇرۇڭ. بىز بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن ئوۋغا چىققاندۇق، قارىسام، سىزنىڭ ئاشۇ ئالتۇن تەختىڭىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، مەن شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ نىكاھىڭىزدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، سۇلايماننىڭ خوتۇنى بولغان بولسام، دەپ ساپتىمەن، شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ قىزى مېنى ھاقارەت قىلىپ قوغلىۋەتكەنىدى. مەن خۇداغا سېغىنىپ نالە ـ زار قىلدىم، خۇدا قوبۇل قىلىپ، سىز بىلەن توي قىلىشنى نېسىپ قىلدى. توي كۈنى مەن قىزلارغا سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئۆزىگە تەگمىگەن بولسامۇ، ئىسمى سۇلايمانغا تەگدىم، دېگەنىدىم. راستتىنلا سۇلايمان پادىشاھقا تېگىپتىمەن. مەن بېرىپ قىزلارنى چاقىراي، ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسۇن، ـــ دېگىنىچە قىزلارنى قىچقارغىلى كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي

قىزلار يىغىلىپ كەپتۇ. بىلىقچىنىڭ قىزى قىزلارغا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئالتۇن تەختنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مەن سىلەرگە بۇگۇن شۇنى جاكارلايمەنكى، مەن ئىسمى سۇلايمانغا ئەمەس، بەلكى سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئۆزىگە تەگدىم! — دەپتۇ.

قىزلار ھەيران بولۇشۇپ قاراپ قېلىشىپتۇ. سۇلايمان خوتۇننى ئېلىپ، دىۋىلەر تەرىپىدىن قوغدىلىپ، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ ئۆز ماكانىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىلىقچىنىڭ قىزى ئۆز مۇرادىغا يەتكەنىكەن.

# مىس باش

بىر بايىنىڭ بۇ دۇنيالىقتا يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، بۇ بالا ھېچبىر ئىش ـ ئوقەت قىلماي كۈن ئۆت ـ كۈزىدىكەن. بىر كۈنى باي بالىسىنى چاقىرتىپ:

— بالام، سېنىڭ بېشىڭ شۇ كەمگىچە پىشمىدى. سەن بازارغا بېرىپ بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەلگىن، — دەپ قولىغا مىڭ تەڭگە تۇتقۇزۇپتۇ. بالا مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ بازارغا چىقىپ كېتىپتۇ. بازارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، كاللا ئۇتلەۋاتقان ناۋايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قوي كاللىلىرىنى پىشۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مېنىڭمۇ بېشىمنى پىشۇرۇپ قويغىن، — دەپ، ناۋايىنىڭ قولىغا مىڭ تەڭگىنى تۇتقۇزۇپتۇ. ناۋاي ئەجەبلىنىپ، بالىنىڭ بېشىدىكى دوپپىنى ئېلىۋېتىپ بېشىنى تونۇرغا تىقىپتۇ. قىزىق تونۇر بالىنىڭ بېشىدىكى چېچى بىلەن بىر قەۋەت تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ بولغاندا، بالا: «بولدى» دەپ ۋارقىراپتۇ، ئاندىن كېيىن: «رەھمەت سىلىگە» دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئۆيىگە كىرىپ:

— دادا، مەن بېشىمنى پىشۇرۇپ كەلدىم، — دەپ شەلۋەرەپ تۇرغان بېشىنى دادىسىغا كۆرسىتىپتۇ. دادىسى:

— ھەي، بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەلگىن دېگىنىم، بازارغا بېرىپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا پىشىپ كەلگىن، دېگىنىم ئىدى. خەير، بوپتۇ، — دەپ بالىسىنىڭ بېشىغا دورا قىلىپ ساقايتىپتۇ. بالىسىنىڭ بېشى ئەينەكتەك سىدام بولۇپ، مىس باشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كې-يىن كىشىلەر ئۇنى: «مىس باش» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى دادىسى يەنە مىس باشنى چا-قىرتىپ، قولىغا مىڭ تەڭگە تۇتقۇزۇپ:

— بازاردا نېمە ئەرزان بولسا شۇنى ئەكەلگىن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.

مىس باش بازارنى ئايلىنىپ، نېمىنىڭ ئەرزان ئىكەن-لىكىنى بىلمەستىن قايتىپ كېلىۋاتسا، ئۇششاق بالىلار بىر ئىتنى سۆرەپ ئۇرۇپ ـ قىيناپ يۈرگەنىكەن. بۇنى كۆرگەن مىس باش بالىلاردىن:

— بۇ ئىتنى ساتامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ساتىمىز، نەرخى مىڭ تەڭگە، — دەپتۇ. بالىلار مىس باشتىن مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ ئىتنى بېرىپتۇ. مىس باش ئىتنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. دادىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— بۇنى نېمىگە ئەكەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئۆزىڭىز بازاردا نېمە ئەرزان بولسا شۇنى ئەكەل-

گىن، دېيۇدىكەنغۇ. مەن مۇشۇ ئىتتىن ئەرزان ھېچ نەرسە تاپالمىدىم، — دەپتۇ مىس باش.

— خەير، بوپتۇ، — دەپ، دادىسى ئەتىسى ئوغلىغا يەنە مىڭ تەڭگە بېرىپ، — بازاردا نېمە يوق بولسا شۇنى ئەكەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مىس باش تەڭگىنى ئېلىپ بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يوق نەرسىنى تاپالماي قايتىپ كېلىۋاتسا، باللار بىر يىلاننى سۆرەپ ئويناپ يۈرۈپتۇ. مىس باش، ھەببەللى، بازاردا يوق نەرسىنى ئەمدى تاپتىم دەپ:

— بۇنىڭ باھاسى نەچچە پۇل؟ — دەپ سورىسا، باللار:

— مىڭ تەڭگە، — دەپتۇ. مىس باش:

— مانا مىڭ تەڭگە، — دەپ پۇلنى بېرىپ، يىلاننى قوينىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە كىرىپ يىلاننى دادىسىغا كۆرسەتكەنىكەن، دادىسى:

— مۇشۇنىمۇ پۇلغا ئالامسەن؟ — دەپ جىملەپتۇ.

— ئۆزىڭىز بازاردا يوق نەرسىنى ئەكەل دېدىڭىز، يوق نەرسىنى ئالدىم، — دەپتۇ مىس باش.

— خەير، بالام، «مەرتەم - مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپ-تىكەن، سەن ئەمدى ماۋۇ مىڭ تەڭگىگە بازاردىن ئەڭ قىممەت نەرسىنى ئەكەلگىن، — دەپتۇ دادىسى.

مىس باش بازارغا بېرىپ مىڭ تەڭگىگە كېلىدىغان قىممەت نەرسىنى تاپالماپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسا،

ئۇنىڭ يولى ھېلىقى ئۇششاق بالىلار ئوينىۋاتقان كوچىغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا، بالىلار بىر مۈشۈكنى قىيناپ ئوينىـ ناپ يۈرگەنىكەن.

— بالىلار، بۇنىڭ باھاسى قانچە پۇل؟ — دەپتۇ. مىڭ تەڭگىگە چۈشىنىپ قالغان بالىلار:

— مىڭ تەڭگە، — دەپتۇ. مىس باش مىڭ تەڭگىگە مۈشۈكنى ئېلىپ قايتىپتۇ ـ دە، دادىسىغا:

— مانا مىڭ تەڭگىگە ئەڭ قىممەت نەرسىنى ئەكەلـ دىم، — دەپتۇ. دادىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ:





— ماك، كۆزۈمدىن يوقال ! — دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

مىس باش ئىت، مۈشۈكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. بىر چۆللۈككە كەلگەندە، بالىنىڭ قويىنىدىكى يىلان مىدىرلاپ يەرگە چۈشۈپ تىلغا كىلىپ:

— مەن شاھى مارانىڭ ئوغلى بولىمەن. مېنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ ماكانى مۇشۇ يەردە. سەن مىڭ تەڭگە تۆلەپ مېنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقىڭا ياخشىلىق قايتۇرۇشۇم كېرەك. ھازىر بىز دادامنىڭ قېشىغا كىرىمىز. دادام سېنىڭدىن: «نېمە سورايسەن؟» دېگەندە، «بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، كۆڭلۈمدىكىنى سورايمەن. مېنىڭ ئېيتقىنىمنى بېرەمسىز؟» دېگىن، «خوش، كەچتىم، سورىغىنىڭنى بېرەي» دېسە، «بېشىڭىزدىكى بىر تال مۆڭگۈزىڭىزنى سورايمەن» دەپ تۇرۇۋالغىن. مانا شۇ ساڭا تۈگىمەس دۇنيا بولىدۇ، — دەپ، يىلان دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپتۇ. دادا - بالا ئىككىسى كۆرۈشۈپ ھال - مۇڭ ئېيتىشقاندىن كېيىن، شاھى ماران مىس باشنى ئەكىرىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. يىلان بالىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. يولىنىڭ ئىككى چېتىدە نەچچە مىڭلىغان يىلانلار سەپ تۈزۈپ، ئۇلارغا يول بېرىپتۇ. مىس باش شاھى مارانىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، شاھى ماران:

— ھەي بالا، سەن مېنىڭ بالامنى قۇتقۇزۇپ قاپسەن. مېنىڭدىن نېمە سورايسەن؟ — دەپتۇ. مىس باش

يىلاننىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە:
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتىمەن، — دەپتۇ. شاھى ماران:
— كەچتىم، قېنى، سورايدىغىنىڭنى سورا، — دېگەندىن كېيىن، مىس باش:
— بېشىڭىزدىكى بىر تال مۆڭگۈزىڭىزنى بېرىڭ، ماڭا باشقا ھېچ نەرسىنىڭ كېرىكى يوق، — دەپتۇ.
يىلانلار پادىشاھى شاھى ماران دەرغەزەپ بولۇپ:
— بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، دېگىنىم ئۈچۈن گۇناھىڭدىن كەچتىم. باشقا نەرسىنى سورىغىن ! — دەپ مۆڭگۈزنى بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. مىس باش ئېيتقان سۆزدىن قايتمىغاچقا، يىلانلار پادىشاھى ئامالىنىڭ يوقىدىن مۆڭگۈزنى بېرىپ مىس باشنى يولىغا راۋان قىپتۇ.
مىس باش مېڭىپ - مېڭىپ بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، ئەتراپ چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىك ئىكەن. مىس باش شۇ يەردە توختاپ، قولىغا شاھى ماراننىڭ مۆڭگۈزىنى ئېلىپ: «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ تۈزلەڭدە چوڭ بىر شەھەر سېلىنىپ، ھەممە نەرسە ھازىر بولسۇن» دەپ مۆڭگۈزنى يەرگە تاشلاپتۇ. شاھى ماراننىڭ مۆڭگۈزىنىڭ كارامىتىدىن بۇ يەردە شۇ زامات چوڭ بىر شەھەر پەيدا بوپتۇ. شەھەر ئىچىدە ناۋايلار نان يېقىۋاتقان، ئاشپەزلەر مانتا، سامسىلارنى پىشۇرۇۋاتقان، قاسساپلار مال سويۇۋاتقان، دۇكانلاردا تۈرلۈك گەزلىمىلەر سېتىلىۋاتقان،

مال بازىرىدا بېدىكلەر قايناپ كەتكەن. ئادەملەر كوچىلارغا لىق تولۇپ مىس باشنى قارشى ئېلىپ، ئۇنى پادىشاھلىققا تەكلىپ قىپتۇ. مىس باش پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. كىشىلەر:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ ئايالى يوق ئىكەن، ئۇنى ئۆيلەپ قويمىساق بولمايدۇ، — دەپ، كەينى - كەينىدىن ئوردىغا كىرىپ مىس باشنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇرۇپتۇ. مىس باش پۇقرالىرىغا شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارغا رەھمەت. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ لايىقىم بار، — دەپ ھەممە كىشىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

مىس باش كېچىسى ئويلاپ يېتىپ، مۆڭگۈزنى يەرگە تاشلاپ: «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، پالانى شەھەرنىڭ مەلىكىسى ئۆيۈمدە ھازىر بولسۇن» دەپتۇ. شۇ ھامان پەرىزاتتەك بىر قىز پەيدا بوپتۇ. مىس باش مۇشۇ قىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئەمدى بۇلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز گەپنى قىزنىڭ يۇرتىدىن ئاڭلايلى:

بۇ قىز يەنە بىر شەھەردىكى پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن. قانچىلىغان شەھەردىن ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ، شاھ قىزىنى بەرمىگەنىكەن. پادىشاھ قىزىنىڭ بىر كېچىدە غايىب بولۇپ كەتكىنىگە قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ ئىزدىتىپتۇ. قىزنى ھېچ يەردىن تاپالماي،

يىقىن يەردىكى غىڭ تۈزلەڭلىكتە چوڭ شەھەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۇ شەھەرنىڭ قانداق پادىشاھلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئۇ شەھەرگە بېرىپ شەھەر خەلقى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ: «بىزنىڭ پادىشاھىمىز بىر كېچىدىلا ئۆيلىنىپ قالدى. لايىقىنى قەيەردىن، قانداق ئەكەلگەنلىكىنى ئۇقمايمىز» دېگەنلىكىنى ۋە پادىشاھنىڭ مىس باش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قايتىپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىغانلىرىنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ: «مىس باشنىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن» دەپ، دەرھال بىرنەچچە مىڭ لەشكەر توپلاپ، لەشكەرلەرنى ئۆزى باشلاپ يولغا چىقىپتۇ. شەھەر خەلقى نەچچە مىڭلىغان لەشكەرنىڭ يىراقتىن چاڭ - توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پادىشاھ مىس باشنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— پادىشاھىئالەم، ئۇستىمىزگە دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئاپەتتىن بىزنى قۇتقۇزۇڭ! — دەپ ئەرز قىپتۇ. مىس باش خاتىرجەملىك بىلەن:

— قورقماڭلار، كەلسە كېلىۋەرسۇن، — دەپتۇ. لەشكەرلەر يېقىنلاشقانسېرى خەلق ناھايىتى قورقۇپ، قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپتۇ. ئۇلار:

— مانا كېلىۋاتىدۇ، ئەنە يېقىنلىشىپ قالدى، مانا ئەمدى يامان بولدى! — دەپ، مىس باشنىڭ ئالدىغا



دۈكۈرلىشىپ كەپ-
تۇ. مىس باش ئور-
نىدىن ئاستا تۇ-
رۇپ، بۇرۇتىنى
تولغاپ، چاپىنىنى
كىيىپ يولغا چۈ-
شۈپ مېڭىپتۇ.

— خالايىق، سىلەر نېرى تۇ- رۇڭلار، مەن ئۆزۈملا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىمەن، — دەپ، مىس باش دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. كېلىۋاتقان دۈش- مەن مىس باشنى كۆرۈپ: «مانا پادىشاھنىڭ ئۆزى چىقىپ- تۇ» دەپ چىشلىرىنى بىلىشىپ، ئۈزەڭگىلىرىنى تېپى- شىپ، ئوقيالىرىنى تەييارلىشىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئات قو- يۇپتۇ. پادىشاھ مىس باش قولىغا مۈڭگۈزنى ئېلىپ، خا- تىرجەملىك بىلەن: «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ لەشكەرلەر قانداق ھالدا كېلىۋاتقان بولسا شۇنداق ھالدا قېتىپ قالسۇن» دەپ مۈڭگۈزنى يەرگە تاشلاپتۇ. لەشكەرلەر كېلىۋاتقان ھالىتى بويىچە قېتىپ قاپتۇ. ئۇلار سۆزلىيەلەيدىكەن، لېكىن ھەرىكەت قىلالمايدىكەن. خەلقلەر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆيلى- رىگە قايتىشىپتۇ. بىرنەچچە كۈن شۇنداق تۇرغاندىن كې- يىن، قېتىپ قالغان لەشكەرلەرنىڭ يىغا - زار، نالە - پەر-

يادى خەلقنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپتۇ. بىر كۈنى شە-
ھەر خەلقى مىس باش پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
— پادىشاھىئالەم، بۇلارنىڭ ئاھ ـ زارى قۇلاق ـ مېڭىمىزنى يەپ كەتتى، — دەپتۇ. مىس باش لەشكەرلەر-نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن قاتتىق ۋەدە ئېلىپ ۋە ئىك-كىنچى قايتىپ كەلمەسلىك شەرتى بىلەن: «ئەگگۈشتىرىم ئەگگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ كەلگەن لەشكەرلەر ئالدىغا ماڭ-ماي كەينىچە مېڭىپ كەتسۇن» دەپ مۆڭگۈزنى يەرگە تاشلاپتۇ. شۇ زامات بارلىق لەشكەرلەر قارشىلىقسىز يۇر-تىغا قايتىپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاتىسى بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خاپا بوپتۇ، قىزىنى ياندۇرۇپ كېلىشكە كۆزى يەتمەپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر قېرى جادۇگەر موماي كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ:
— نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىسا، موماي:
— سىزنىڭ قىزىڭىزنى مەن ئەكەلسەم نېمە بېرد-سىز؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:
— ئاغزىڭ تولغۇچە ئېيتقىن، نېمە دېسەڭ شۇنى بېرد-مەن! — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جادۇگەرئاق كۆڭلەك كىيىپ، ئاق ياغلىق تېڭىپ، قولىغا تەسۋى ئېلىپ بۇۋى سۈپىتىدە يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مىس باشنىڭ شەھىرىگە يېقىنراق كەلگەندە، ياخشى بىر جاينى تەييارلاپ شۇ يەردە ناماز ئوقۇپ، تەسۋى تۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مىس باش-

نىڭ شەھىرىدىكى ئادەملەر مومايىنى كۆرۈپ:
— تەقسىر بۇۋىم، نېمە ئۇچۇن بۇ يەردە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دېسە، موماي:
— مەن تۇرغان شەھەرنىڭ پادىشاھى ناھايىتى زالىم ئىكەن، ماڭا تىنچقىنا ئىبادەت قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنى ناھايىتى ياخشى دەپ ئاڭلاپ، مۇشۇ يەرنى ئىبادەت قىلىشقا لايىق كۆرۈپ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىمەن، باللىرىم! — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. خەلق-نىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، كۆڭلىلىك يەيدىغان تامىقىنى ئاپىرىپ بېرىپ دۇئاسىنى ئالىدىغان بوپتۇ. ئاندىن بۇ جا-دۇگەر ھەر كۈنى پادىشاھىنىڭ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويۇپ كېتىدىغان بوپتۇ. كىشىلەر مىس باشقا:
— ئوردىنىڭ ئالدىنى ئىنتايىن تەقۋادار بىر موماي سۈپۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ. مىس باش مومايىنىڭ نېمە مەقسەتتە كېلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىغا چاقىرتىپ:
— ھە، موما، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە كېلىپ قال-دىڭىز؟ — دېگەندە، موماي يىغلاپ تۇرۇپ:
— مەن تۇرغان شەھەرنىڭ پادىشاھى ناھايىتى زالىم ئىكەن. سىلىنى ئادالەتلىك پادىشاھ دەپ ئاڭلاپ، بۇ يەردە تىنچقىنا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ئاز - تولا بولسىمۇ خىزمەتلىرىنى قىلىپ قوياي دەپ، ھەر كۈنى سەھەردە ئوردىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويۇپ كېتىمەن، —

دەپتۇ.

مىس باش موماينىڭ ئېيتقان سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇ-نىڭغا ئوردا هويلىسىنى سۈپۈرۈش خىزمىتىنى بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، جادۇگەر موماينىڭ قەدىمى مەلىكىنىڭ يا-تىدىغان هۇجرىسىغا قەدەر يېتىپتۇ، مەلىكىنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىغا سۇ چېچىپ، سۈپۈرۈپ قويىدىغان بوپتۇ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ مەلىكە بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى جادۇگەر موماي مەلىكىگە:

— بېرى كېلىڭە، مەلىكە قىزىم، بېشىڭىزنى بېقىپ قوياي، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈندە مەلىكىنىڭ بې-شىنى بېقىپ قويىدىغان بوپتۇ. مەلىكىنىڭ بېشىنى بېقىپ ئولتۇرۇپ: «بالام، سىز كىمنىڭ قىزى؟ ئىسمىڭىز كىم؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟» دېگەندەك سوئاللار بى-لەن بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بارا - بارا جادۇگەر موماي مەلىكىگە ياخشى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مومايغا:

— مەن ئەسلىدە پادىشاھنىڭ قىزى ئىدىم. ئىچ-كەركى ئۆيدىن تاشقىرىقى ئۆيگە چىققىنىمنى بىلىمەن، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، — دەپ ئېي-تىپ بېرىپتۇ. موماي:

— سىز ئېرىڭىزدىن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغان-لىقىڭىزنى سورىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، سورىمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇنا-سىۋىتىڭلار ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش كېرەك. ئەر خەق دېگەن تولىمۇ ھىيلىگەر بولىدۇ. ئېرىڭىز سىزنى تۇيدۇرماي ئەكەلگەن يەردە يەنە باشقا ئا-ياللارنى ئەكېلەلمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا ئاخشاملىقتا مەن سوراپ باقاي، — دەپتۇ.

— ماقۇل، بالام، شۇنداق قىلىڭ، مېنى ئېيتتى دەپ يۈرمەڭ! — دەپ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. مىس باش پادىشاھ كېچىسى ئۆيىگە كەلگەندە، مەلى-كە چاندۇرماستىن گەپ سوراشقا باشلاپتۇ.

— سىز مېنى ئالغىنىڭىزغا بىرنەچچە يىل بولدى. مېنى قانداق ئەكەلگەنلىكىڭىز توغرىسىدا مۇشۇ كۈنگىچە سىرىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز ياكى ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ سوراپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ مەلىكە. مىس باش:

— ئۇنى سورىما، ساڭا ئېيتىشقا بولمايدۇ، بىر ئۆ-زۈم بىلىمەن، بىر خۇدا بىلىدۇ، — دەپ ئېيتقىلى ئۇنى-ماپتۇ. مىس باش ئۇردىغا كەتكەندىن كېيىن جادۇگەر مو-ماي مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ بېشىنى باققان بولۇپ، كونا - يېڭى ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇپ، ئارىلىقتا:

— بالام، سىزنى قانداق ئەكەپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:

— ماڭا ئېيتمىدى، بىر ئۆزۈم بىلىمەن، بىر خۇدا

33

بىلىدۇ، دېدى، — دەپتۇ. موماي:

— ئۇنداق بولسا، ئېرىڭىز سىزگە ئىشەنمەيدىكەن. ئەر - ئايال بولۇپ تۇرۇپ بىر - بىرىڭلارنىڭ سىرىنى بىلمىسەڭلار، قانداقمۇ بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرىسىلەر؟ — دەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مىس باش ئۆيىگە كەلگەندە، مەلىكە يەنە سوراشقا باشلاپتۇ. مەلىكە تولىمۇ قىستاپ سوراپ كەتكەندىن كېيىن، مىس باش:

— خوتۇن، ئۇنداق بولسا بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتما! مەن سېنى يىلان پادىشاھىنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ خا-سىيىتى بىلەن ئەكەلگەندىم، — دەپ سىرنى ئېيتىپ





بېرىپتۇ. ئەتىسى جادۇگەر موماي مەلىكىدىن:
— بالام، سىزنى قانداق ئەكەلگەنىكەن؟ — دېگەن-
دە، مەلىكە بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. جادۇگەر موماي:
— ھە، مانا ئەمدى ياخشى بوپتۇ. شۇ ئەڭگۈشتەر
مۆڭگۈزنى سىزمۇ كۆرۈپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.
مەلىكە:
— مەن ئۇنى سورىمىدىم، — دەپتۇ. موماي:
— ئۇنداق بولسا سوراپ كۆرۈڭ، — دېگەندىن كې-
يىن، مەلىكە ئاخشىمى مىس باشنى قايىل قىلىپ، ئۇنىڭ
قوينىغا سېلىپ ساقلاپ يۈرگەن يىلان پادىشاھىنىڭ مۆڭ-
گۈزىنى ئېلىپ كۆرۈپ:
— مانا ئەمدى سىزگە ھەقىقىي ئىشەندىم. مەندىمۇ
بىرەر كۈن تۇرسۇن، ئوبدانراق كۆرۈپ قېيىنۋالاي، ئەتە
كەچتە ئالارسىز، — دەپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئەتىسى جا-
دۇگەر موماي مەلىكىنىڭ ئالدىغا تەزىم قىلىشقا چىقىپتۇ،
مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەر مۆڭگۈزنى كۆرۈپ ناھا-
يىتى خۇشال بولۇپ، ھىيلىگەرلىكىنى ئىشلىتىپ:
— بالام، باش - كۆزىڭىز كىر بولۇپ قاپتۇ،
بۈگۈن سىزنى يۇيۇپ قوياي، — دەپ مەلىكىنى يۇيۇشقا
باشلاپتۇ. مەلىكىنى يۇيۇۋېتىپ:
— بالام، بۇ مۆڭگۈزنى يەرگە قويۇپ قويۇڭ. مۆڭ-
گۈزنىڭ ئورنىغا سۇ تەگمىسە غۇسۇل ئادا بولمايدۇ، —
دەپ مۆڭگۈزنى بىر يەرگە ئېلىپ قويۇپ، ئالدىدا ئىسسىق

سۇنى قۇيۇپ، كەينىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيۇۋې-تىپتۇ. مەلىكە ئەندىكىپ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ قېلىپ، ئەڭگۈشتەر مۇڭگۈز ئېسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەندە، جادۇگەر موماي قولىغا مۇڭگۈزنى ئېلىپ: «ئەڭ-گۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ مەلىكە ئۆزىنىڭ بۇ-رۇنقى شەھىرىدە بولسۇن!» دەپتۇ ـ دە، ئەڭگۈشتەر مۆڭ-گۈزنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا شە-ھەر غايىب بولۇپ، مىس باش بىر چۆلدە يالغۇز قاپتۇ. ئۇ قانداق قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، ئالدىغا ھېلىقى مۇشۇك بىلەن ئىت كېلىپ:

— سىز غەم قىلماڭ. بىز سىزنىڭ قىلغان ياخشى-لىقىڭىزغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمىز، — دەپ، مەلىكىنىڭ شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئىت شەھەر ئىچى-گە كىرىپ، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ-تۇ. مۇشۇك قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئوردىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆزى ئولتۇرغان تەختىنىڭ ئال-دىدىكى تۈۋرۈكنىڭ يېنىنى كولاپ، شۇنىڭ ئىچىگە جادۇ-گەر موماي ئەكېلىپ بەرگەن ئەڭگۈشتەر مۇڭگۈزنى قويۇپ ئۈستىگە ياغاچ قاپقاق بېكىتىپ، ئۇنىڭغا قولۇپ سېلىپ ساقلايدىكەن. مۇشۇك ئوردىنىڭ ئاستىدا بىرقانچە چاشقا-نىنىڭ بارلىقىنى، چاشقانلارنىڭ مۆڭگۈزنى ئاللىقاچان ئۆز-لىرىنىڭ ئۇۋىسىغا ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ ـ دە،

سوپى بولۇۋېلىپ: «تووۋا قىلدىم، تووۋا، چاشقانلارغا تەگمەيـ
مەن، ھېچكىمگە زىيان سالمايمەن» دەپ بېشىنى ساڭگىلىـ
تىپ، كېچە ـ كۈندۈز زارلاپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى
كۆرگەن چاشقانلار ھەيران بولۇشۇپ، ئۆز پادىشاھىغا:
— بىر مۈشۈك بار ئىكەن، چاشقانلارغا تەگمەيمەن،
ھېچكىمگە زىيان سالمايمەن دەپ يىغلاپ ئولتۇرىدۇ، —
دەپتۇ.
چاشقانلار پادىشاھى سىناش ئۈچۈن بىرنەچچە چاشقانـ
نى مۈشۈكنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ چاشقانلار مۈشۈكنىڭ
بويىنىغا، قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئويناپتۇ، مۈشۈك ئۇلارغا
پەرۋامۇ قىلماي، ھېلىقى سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇۋېـ
رىپتۇ. شۇ ئارىدا چاشقان بالىلىرىنىڭ مۈڭگۈزنى سۆرەپ
ئويناپ يۈرگىنى مۈشۈكنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قاپتۇ. مۈشۈك
چاققانلىق بىلەن سەكرەپ بېرىپ ئۇنى تارتىۋېلىپ، ئاغزىـ
غا سېلىپ ئورنىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئوردا ئالدىدا ئايـ
لىنىپ يۈرگەن ئىت مۈشۈكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا
يۈگۈرۈپ كېلىپ:
— ئالالىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئالالمىدىم، ئاداش، — دەپ مۈشۈك يولىغا راۋان
بوپتۇ. بۇلار مېڭىپ ـ مېڭىپ بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ
قاپتۇ. مۈڭگۈزنىڭ غېمىدە يۈرگەن ئىت:
— ھەي مۈشۈك، راستىڭنى ئېيت، مۈڭگۈزنى ئالغان
بولساڭ ماڭا بەرگىن. مەن سېنى دەريادىن ھاپاش قىلىپ

ئۆتكۈزۈپ قويمەن، ـــ دېگەندە، مۈشۈك مۈڭگۈزنى ئىتقا بېرىپتۇ. ئىت ئۇنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ. مۈشۈكنى ھاپاش قىلىپ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، ئىتنىڭ كۆزىگە بېلىق كۆرۈنۈپ قېلىپ، ئاغزىدا مۈڭگۈز بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ بېلىقنى يېمەكچى بولغاندا، مۈڭگۈز دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۇنى بېلىق يۇتۇۋاپتۇ. بۇ بېلىق دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە بىر بېلىقچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بېلىقچىلار بېلىقلارنىڭ ئىچ ـ قارنىنى ئېلىپ تاشلاپ، بېلىقلارنى ئەكېتىپتۇ. بۇ يەرگە ئىت بىلەن مۈشۈك مۈڭگۈزنى ئىزدەپ كېلىپ قاپتۇ. ئىككىسى بېلىقلارنىڭ ئىچ ـ قارنىنى يەپ ئولتۇرۇپ مۈڭگۈزنى مۈشۈك تېپىۋاپتۇ ـ دە، ئېلىپ قېچىپتۇ. «مۈڭگۈزنى مەن ئاپىرىپ بېرەي» دەپ ئىت مۈشۈكنى قوغلاپتۇ، قوغلاپ يېقىن كەلگەندە مۈشۈك دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. ئىت چىقالماي، «ھامانەم يەرگە چۈشىدىغۇ» دەپ، كەتمەي ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. مۈشۈك بولسا «ئىت ھامانەم كېتىدۇغۇ» دەپ يەرگە چۈشمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مۈشۈك دەرەختە، ئىت يەردە، مىس باش چۆلدە قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىت مۈشۈككە ئۆچ بولۇپ قالغانىكەن.

# ئەجدىھايىگىت

بۇرۇنقى زاماندا ساماۋى ھاپىز دېگەن بىر ئادەم ئۆتـ-كەنىكەن، ئۇ پەرزەنت ئۈچۈن زار ئىكەن. تەلىپىگە يارىشا خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، ۋاقتى - سائىتى يېتىپ تەۋەل-لۇت قىپتۇ. بىراق، تۇغۇلغىنى ئادەمزات بولماستىن، بىر ئەجدىھا ئىمىش. بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ساماۋى ھا-پىز ھەقەمسايىلىرىنى چاقىرىپ كىرىپتۇ. ھەقەمسايىلىرى كىرىپ قارىسا، تۆشەكتە بىر ساھىبجامال ئوغۇل بالا ياتـ-قۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ساماۋى ھاپىز ئىنتايىن خۇشال بوپـ-تۇ. ھەقەمسايىلىرى مۇبارەكلەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ساماۋى ھاپىز ھەقەمسايىلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپ كىرسە، تۆشەكتە يەنە ئەجدىھا ياتقۇدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆ-رۈپ ئاتا - ئانا ھەيران بولۇپ: «خۇدايىم بىزگە پەرزەنت بەردىم دەپ، بىر ئەجدىھا ئاتا قىپتۇ» دەپ يىغلىشىپتۇ.

ئايدىن - ئاي، يىلدىن - يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ ئەجدىھا بالا چوڭ بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ دادىسىغا:

— دادا، مەن پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن بىر كۈن

ئىچىدە تۇغۇلغان. سىز بېرىپ پادىشاھقا دەڭ، پادىشاھ مېنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىپ، شۇ قىزىنى ماڭا بەرسە، — دەپتۇ.

— بىز ئاددىي پۇقرا تۇرساق، پادىشاھنىڭ قىزىغا قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ — دەپتۇ دادىسى.

— دادا، سىز ئاۋۋال بېرىڭ، ئۇنىڭ چارىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دەپتۇ بالا.

دادىسى ماقۇل بولۇپ ئۆيدىن چىقىپتۇيۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ ئۆيىگە: «قىزلىرىنى ئوغلۇمغا بەرسىلە» دەپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي، كۈننى تالادا ئۆتكۈزۈپ، كەچ كىرگەندە ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

— دادا، باردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەجدىھا بالا.





— باردىم، بالام، پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغىلى تاس قالدى، ئاران تەس-لىكتە جاننى ياقىغا ئېلىپ قېچىپ كەلدىم، — دەپتۇ دادىسى.

— دادا، يالغان سۆزلىدىڭىز، پادىشاھنىڭكىگە بارماي، ئۆستەڭ بويىدا دەرەخ سايىسىدە يېتىپ كەچ بولغاندا قاي-تىپ كەلدىڭىز، — دەپتۇ ئەجدىھا بالا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دادىسى ھەيران قاپتۇ، «بۇنىڭدا بىر سىر - ھېكمەت بار ئوخشايدۇ» دەپ جەزم قىپتۇ. ئەتىسى ئەجدىھا بالا دادىسىنى يەنە پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشقا دەۋەت قىپتۇ. دادا غەمگە چۈشۈپ، خۇدايىم بىزگە بالا ئە-مەس، ئاپەت بىر بالا بېرىپتۇ، دەپ ئويلاپ، نائىلاجلىقتا پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. دەرۋازىۋەنلەر ساماۋى ھاپىزنى ئوردىغا كىرگۈزمەپتۇ، «پادىشاھقا خەۋەر قىلىدىغان ئىنتا-يىن مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى» دەپ تۇرۇۋالغاندىن كې-يىن، پاسىبانلار پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ «كىر-سۇن» دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ. ساماۋى ھاپىز پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بېرىپ، يەرگە باش قويۇپ:

— ئەي پادىشاھئالەم، مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار، ھەز-رەتلىرىنىڭ قىزى بىلەن بىر كۈن - بىر سائەتتە تۇغۇل-غان. قىزلىرىنى قىز قىلىشۋالايمىكىن دەپ ئەلچى بولۇپ كەلدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھەي ئەدەپسىز، سەن قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ دەرگاھىمغا مۇشۇنداق بىمەنە تەلەپنى كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟ ! جاللات ! — دەپ چاقىرىپتۇ ۋە ساماۋى ھاپىزنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار دەرھال ھازىر بولۇپ، ساماۋى ھاپىزنى ئارىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئەجدىھا بالا پەيدا بوپتۇ ۋە:

— ساماۋى ھاپىزنىڭ ئوغلى ساماۋى ئەجدىھا دېگەن مانا مەن بولىمەن. ئەگەر پەيلىڭدىن يېنىپ قىزىڭنى بەرمەيدىغان بولساڭ، تەختى - بەختىڭنى ۋەيران، شەھىرىڭنى خاراب قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ پادىشاھقا. پادىشاھ جاللاتلارغا ساماۋى ھاپىز بىلەن ئەجدىھانى قەتل قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇئان ئەجدىھا ئۆزىنى جاللاتلارغا ئۇرۇپتۇ، جاللاتلار ۋايداد سېلىپ جېنىنى ياقىغا ئاپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر - ئەمىرلەرمۇ قورقىنىدىن جان - ئىمانى چىقىپ، جېنىنى ياقىغا ئاپتۇ. ئەجدىھا پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋەيران قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ كارامەتلەرنى كۆرگەن ۋەزىر - ئەمىرلەر: «ئەگەر بۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىساق، پۈتۈن تەختى - بەختىمىز ۋەيران، ئۆزىمىز سەرسان بولۇپ كېتىدىكەنمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، مەلىكەمنى ئەجدىھاغا بەرسەك» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ نائىلاج ماقۇل بولۇپ، قىزىنى ساماۋى ئەجدىھاغا بېرىپتۇ. توي بولغان كۈنى بىر كېلىشكەن يىگىت پەيدا بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ. قىز بۇ يىگىتنى كۆرۈپ، كۆزلىرىدىن ياش

تۆكۈپ: «مەن ئاشۇنداق بىر يىگىت بىلەن توي قىلغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ. تويدىن كېيىن قىزنى ئەجدىھانىڭ ئۆيىگە يۆتكەپتۇ. قىز يىغلىغان، پەرىشان ھالدا ئەجدىھانىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۆيىگە كىرسە ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت ئولتۇرغانمىش. بۇنى كۆرگەن مەلىكە خۇشال بولۇپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سىزنىڭ يېڭىدىن توي قىلغان ئېرىڭىز ساماۋى ئەجدىھا بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت. قىز خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئۆيىدە بىر ئەجدىھا تۇرغۇدەك. قىز بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ.

— قورقماڭ، مەن مۇشۇنداق ئەجدىھا قىياپىتىدە تۇرمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ يىگىت.

قىز بۇنىڭ سەۋەبىنى قايتا - قايتا سورىسىمۇ، بۇنىڭدىكى سىر - ئەسرارنى ئېيتىپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. يىگىت گاھى ئەجدىھا، گاھى ئادەم بولۇپ بىرقانچە زامان ئۆتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ئېرىنىڭ ئەجدىھا پوستىنى كۆيدۈرۈۋېتىشنىڭ كويىدا يۈرۈپتۇ. ئەمما، ئەجدىھا يىگىت پوستىنى سېلىۋېتىپ ئادەم قىياپىتىگە كەلگەندە، ئەجدىھا پوستىنى قانداق جايغا يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى خوتۇنىغا كۆرسەتمەيدىكەن. بىر كۈنى يىگىت ئەجدىھا پوستىنى سېلىپ يوشۇرۇپ قويغان جاينى خوتۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئېرد-

نىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ، تۇيدۇرمايلا ئەجدىھا پوستىنىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. يىگىت دەرھال ھازىر بوپتۇ، ئەمما ئۈلگۈرەلمەپتۇ. ئۇ:

— ھەي بىئەقىل ! خەير، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ. ئەمدى مەڭگۈلۈك ئايرىلدۇق. مېنى بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسەن، — دەپلا بىر ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپتۇ - دە، غايىب بوپتۇ. قىز يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، پۇشايمان قىپتۇ، بىراق ئورنىغا كەلمەپتۇ.

ئەمدى گەپنى ساماۋى ئەجدىھادىن ئاڭلايلى:

ساماۋى ئەجدىھا ئەسلىدە ناھايىتى چىرايلىق يىگىت بولغانلىقتىن، كۆھقاپتىكى پەرى شاھنىڭ قىزلىرى ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەن، ئەمما ئۇلار ئەجدىھا پوستىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ساماۋى ئەجدىھانى ئېلىپ قاچالماي، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەنىكەن. يىگىت ئەجدىھا پوستىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ يوشۇرۇناي دېگۈچىلا، ئۇلار دەرھال كېلىپ ساماۋى ئەجدىھانى ئالتۇن قەپەسكە سېلىپ



كۇھىقاپقا ئېلىپ قېچىپتۇ. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ساماۋى ئەجدىھا ئەسلىگە قايتىشنى رەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىزاتلار قەيەرگە بارسا ساماۋى ئەجدىھانى بىرگە ئېلىپ بېرىپ، يېنىدىن ئايرىمايدىكەن. بىر كۈنى پەرىزاتلار سۇغا چۈشۈش ئۈچۈن ئورمانزارلىقتىكى بىر بۇلاق بويىغا كەپتۇ، ساماۋى ئەجدىھانى قەپەس بىلەن بىر دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بۇلاققا سۇغا چۈشۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئورمانزارلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋانلارنىڭ كۆزى دەرەخ ئۈستىدىكى ئالتۇن قەپەسكە چۈشۈپ قاپتۇ. كارۋانلار قەپەسنىڭ قېشىغا كېلىپ، قەپەستىكى ئاق كەپتەرنى كۆرۈپتۇ. كەپتەر زۇۋانغا كېلىپ، كارۋانلارغا قاراپ:

— ئەي كارۋانلار، مېنىڭ سىلەرگە بىر ئامانەت سۆزۈم بار. سىلەر مېنىڭ مەھبۇبەم تۇرۇشلۇق شەھەرگە كېتىپ بارىسىلەر. مېنىڭ مەھبۇبەم شۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى. سىلەر ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويساڭلار، ئۇ مېنى ئىزدىمەكچى بولسا، پۇتىغا تۆمۈردىن كەش كىيىپ ئىزدىسۇن. تۆمۈر كەشنىڭ تېگى ئۇپراپ تېشىلىپ پۇتى كۆرۈنگەندە ئاندىن مېنى تاپىدۇ، — دەپتۇ. كارۋانلار بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشۇپ تۇرغىنىدا، قەپەس بىردىنلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ غايىب بوپتۇ. بۇلار تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتۈپ، كارۋانلار ئەجدىھا يىگىتنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ، ئوردىغا كىرىپ، پادى-

شاھنىڭ قىزىغا قەپەستىكى كەپتەرنىڭ سۆزىنى بايان قىپتۇ. مەلىكە كارۋانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ زار ـ زار يىغلاپتۇ، دادىسىدىن تۆمۈر كەش قىلدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ ساماۋى ئەجدىھانى ئىزدەپ بېرىدىشىغا رۇخسەت قىلماپتۇ. قىز يىغلاپ، چىچىنى چۇۋۇپ، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ يالۋۇرۇپتۇ. دادىسى نائىلاجلىقتىن ئاخىر ماقۇل بوپتۇ.

مەلىكە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. مەلىكە تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپتۇ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ، ئېيىتىپ تۈگەتكۈسىز جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپتۇ، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپتۇ. ئاخىر تۆمۈر كەشنىڭ تېگى ئۇپراپ تېشىلىپتۇ، مەلىكە ئەمدى ساماۋى ئەجدىھا بار يەرگە يېقىنلىشىپتىمەن دەپ ئويلاپ تېخىمۇ قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ، مېڭىشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر كۈنلەردە ئالدىدا بىر ئىمارەت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىسا، بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇرغۇدەك. مەلىكە ئەمدى ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئېلىپ، ئۆستەڭدىن سۇ ئىچىپ تۇرۇشىغا، ئىمارەت ئىچىدىن سۇرەتتەك بىر پەرىزات چىقىپ ئۆستەڭدىن سۇ ئاپتۇ ۋە مەلىكىدىن:

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ بۇ يەرگە ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمەيتتى، سەن قانداق

بولۇپ كېلىپ قالدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.
ــ مەن بۇ يەرگە يولدىن ئېزىپ كېلىپ قالدىم، ھې-رىپ - چارچاپ، مادارىم قالمىدى، مۇمكىن بولسا ئۆيلى-رىدە بىرەر - يېرىم كۈن تۇرۇپ ئاندىن ماڭسام، خىزمەت-لىرى بولسا خىزمەتلىرىنى قىلىشىپ بەرسەم، ــ دەپتۇ مەلىكە.
مەلىكىگە پەرىزاتنىڭ رەھمى كېلىپ، مەلىكىنى ئىچ-كىرىگە باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ پەرىزاتنىڭ ئىككى ئاچىسى بار ئىكەن. چوڭ ئاچىسى مەلىكىنىڭ بېشىدىن - ئايىغى-غىچە قاراپ:
ــ بۇ ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان جاي، بۇ ساماۋى ئەجدىھانى ئىزدەپ كەلگەن بولمىسۇن يەنە، ــ دەپتۇ. ئىككىنچى ئاچىسى:
ــ بۇ موماي قانداقمۇ ساماۋى ئەجدىھانى ئىزدىيەلى-سۇن؟ ــ دەپتۇ. كەنجى پەرىزات ئىككى ئاچىسىنىڭ سۆ-زىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەلىكىنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىشقا ماقۇل بوپتۇ. قەپەس پەرىزاتلارنىڭ ئالدىدا قويۇقلۇق ئىكەن. ساماۋى ئەجدىھا خوتۇننى كۆرۈپلا تو-نۇپتۇ، ئىچى ئاغرىپتۇ، ئەمما پەرىزاتلارنىڭ بىلىپ قېلى-شىدىن قورقۇپ، خوتۇنغا ئۆزىنى بىلدۈرمەپتۇ. مەلىكە بۇ يەردە بىرقانچە ۋاقىتقىچە ئۇلارنىڭ ئاش - تامىقىنى ئې-تىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ. كەنجى پە-رىزات مەلىكىنىڭ ساماۋى ئەجدىھانىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكى-

نى سىزىپ قاپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاشۇنداق كۈرمىگۈلىغان جە-بىر ـ جاپا تارتىپ، يىراق يولدىن ساماۋى ئەجدىھانى دەپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىگە كەنجى پەرىزاتنىڭ رەھمى كېلىپ، ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كې-تىشىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مەلىكىگە سېھىر ـ ئەپ-سۇندىن تەلىم بېرىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى چوڭ پەرىزات:

— بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى بۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ساماۋى ئەجدىھانىڭ خوتۇنى ئوخشىمامدۇ؟ بۇنى سىناپ بېقىش كېرەك، — دەپتۇ ھەمدە بىر يەلقازانغا سۇت توشقۇزۇپ، مەلىكىگە:

— بىز ھازىر بىر يەرگە بارىمىز. بىز قايتىپ كەل-گۈچە مۇشۇ قازاندىكى سۇتنى قاينىتىپ تۇرىسەن، — دەپ تاپىلاپ، كەنجى پەرىزاتنىمۇ بىرگە ئېلىپ، سۇغا چۈشۈپ كېلىشكە مېڭىپتۇ، ئالتۇن قەپەسنىمۇ بىرگە ئەكېتىپتۇ. مەلىكە يەلقازاننى ئوچاققا ئېسىپ، ئوت يېقىشقىلا، قازان-دىكى سۇتنىڭ ھەممىسى تېشىپ كېتىپ، قازاندا ھېچ نەرسە قالماپتۇ. مەلىكە قانداق قىلىشنى بىلمەي، ئەمدى بالاغا قالىدىغان بولدۇم، دەپ قورقۇپ، غەم ـ ئەندىشىدە ئولتۇرۇشىغا، كەنجى پەرىزات يېتىپ كەپتۇ، مەلىكىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ، رەھمى كەپتۇ:

— يىغلىما، بۇنىڭ ئىلاجىنى مەن قىلىپ بېرەي، — دەپتۇ ۋە دەرھال يەنە بىر يەلقازان تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا

سۈت تولدۇرۇپتۇ، ــ سەن باشقا جايغا ئوت قالاپ، چوغ چۇشۇرگىن. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىشىگىلا چوغنى تېزلا ئوچاققا يۆتكەپ كېلىپ، ئوت قالاۋاتقان بولۇپ تۇرغىن.

پەرىزاتلار قايتىپ كەپتۇ. تۇنجى پەرىزات ئاشخانىغا كىرىپ:

ــ نېمىشقا ئوتنى ياخشى قالىماي ئولتۇرىسەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئوتنى كۆپ قالىدىم، شۇنچىۋالا چوغ چۈشۈپ كەتتى، كۆرمىدىڭىزمۇ، مانا؟ ــ دەپتۇ مەلىكە.

چوڭ پەرىزات گەپ ـ سۆز قىلماي چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى مەلىكىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. شۇ جەرياندا كەنجى پەرىزات ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن سېھىر ـ ئەپسۇنلارنى ئۆگىتىپتۇ.

مەلىكە ئەپسۇن ئوقۇپ بىر يۇمىلاپلا كەپتەرگە، سۇغا، ئوت ـ چۆپكە، دەل ـ دەرەخكە ئۆزگىرىشنى، ھەتتا سېھىرنىڭ باشقا تۈرلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ بوپتۇ. بىر كۈنى كەنجى پەرىزات مەلىكىگە:

ــ سىلەرگە ئىچىم ئاغرىپ، رەھىمىم كېلىپ، بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ مۇرادىڭلارغا يېتىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن سېھىر ـ ئەپسۇنلارنى ئۆگەتتىم، ھەممىگە كامىل بولدۇڭ. ئەمدى يۇرتۇڭلارغا قايتىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلاي، ــ دەپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پەرىزاتلارنىڭ ئۇخلايدىغان قەرەلى بوپتۇ. بۇلار ھەر قېتىم ئۇخلىغاندا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدىكەن. پەرىزاتلار ئۇخلاشقا چۈشۈپتۇ. بۇلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە كىچىك پەرىزات ئاستاغىنا قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كەپتەرنى چىقىرىپ: «تېزدىن كېتىۋېلىڭلار» دەپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. بۇلار كەنجى پەرىزاتتىن ئىنتايىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا ئۇنتۇمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىپتۇ ۋە پەرىزاتقا باش قويۇپ، يىغلىشىپ خوشلىشىپتۇ. بۇلار ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. كەنجى پەرىزاتمۇ ئۆز ئورنىغا بېرىپ يېتىپتۇ.

پەرىزاتلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسا، قەپەستە كەپتەرمۇ، ئاشخانىدا خىزمەتكارمۇ يوق تۇرغۇدەك. ئۇلار كىچىك سىڭلىمىز قاچۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ، كەنجى پەرىزاتنى سوراققا تارتىپ، تىللاپتۇ، ئۇرۇپتۇ، ئەمما كەنجى پەرىزات راستىنى ئېيتماپتۇ. ئۇلار مەلىكە بىلەن ساماۋى ئەجدىھانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ ۋە ئۇلارغا يېتىشىۋاپتۇ. ساماۋى ئەجدىھا بىلەن مەلىكە پەرىزاتلارنىڭ يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا: «ئەمدى بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساق، بىزنى ھەرگىزمۇ تىرىك قويمايدۇ» دەپ، دەرھال ئېتىزلىققا كىرىپ ئوت - چۆپكە ئايلىنىۋاپتۇ. پەرىزاتلار كالا سۈرىتىگە كىر-

رىپ ئوت ـ چۆپلەرنى چالا قويماي يېگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار قېچىپتۇ، پەرىزاتلار يەنە قوغلاپتۇ. ئۇلار باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ گۈللەر ئارىسىدا گۈلگە ئايلىنىۋاپتۇ. پەرىزاتلار گۈللۈككە چۈشۈپ، گۈللەرنى ئۈزۈپ تاشلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بۇ يەردىنمۇ قېچىپتۇ، ئالدىغا ئۆستەڭ ئۇچراپتۇ، ئۆستەڭگە ئۆزلىرىنى تاشلاپ سۇ بولۇۋاپتۇ. پەرىزاتلار ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ، سۇنى سۈمۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار يەنە قېچىپتۇ. پەرىزاتلار ئارقىسىدىن دەممۇ دەم قوغلاپتۇ. ئۇلار قېچىپ ئورمانلىققا بېرىپ دەرەخكە ئايلىنىۋاپتۇ. پەرىزاتلار دەرەخنى بىر ـ بىرلەپ كەسكىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار دەرەخنىڭ ئەڭ تۈۋىدىن كۆكلەپ چىققان ئەڭ كىچىك نوتا بولۇۋاپتۇ. پەرىزاتلار ھەممە دەرەخلەرنى كېسىپ بولۇپ قارىسا، بۇلار يوق. دەرھال ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ ھەممە ياقنى ئىزدەپتۇ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىزاتلار ئۇلارنى ئۆلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئارقىسىغا قايتىپتۇ.

پەرىزاتلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىر جۈپ كەپتەرگە ئۆزگىرىپ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، نۇرغۇن تاغ ـ داۋان، دېڭىز ـ دەريالاردىن ئۆتۈپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ، ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاتا ـ بالا، ئەر ـ خوتۇن قايتىدىن جەم بولۇشۇپ، خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم، راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتۈپتۇ.

# ئىناق دوستلار

قەدىمكى ئىدىقۇت خانلىقىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا بىلىملىك ھېسابلىنىدىغان بىر ۋەزىرى بولغانىكەن. شاھ ئەنە شۇ ۋەزىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە، دانالىقىغا تايىنىپ شاھلىق قىلىدىكەن. ئۆزى شاھ بولۇپ يۇرت سورىغىنى بىلەن، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قارىتۇرۇك ئىكەن، جېدەل - ماجىرالارنىمۇ بىر تەرەپ قىلالمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دانىشمەن ۋەزىر شاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاھ ئالىيلىرى، بىلىم ئادەمنىڭ كۆزىنى روشەن قىلىدۇ، بىلىملىك ئادەمنىڭ كۆڭلى يورۇق بولىدۇ. بىلىمسىز ئادەم خۇددى قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي تېنەپ - تەمتىرەپ قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، بىلىمسىز ئادەم ئۆزىنىلا كۆرەلەيدۇ، بىلىملىك ئادەم پۈتۈن ئىقلىمنى كۆرەلەيدۇ. بىزگە شاھلىق، ۋەزىرلىك ئۆمۈرۋايەت باقىمەندە ئەمەس، چۈنكى ئادەم چەكلىك ئۆمۈر كۆرىدۇ، بەزىدە ئۇرۇش - يېغىلار بولۇپ، شاھلىق تەختىدىن ئايرى-

لىپمۇ قالىدۇ. دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتىمۇ يەنىلا بىلىم، ئىلىم ـ ھېكمەت كېرەك بولىدۇ. پەرزەنتلىرىمىز ئۇستىدە ئويلىنىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئۇلۇغ شاھىم، مۇۋاپىق كۆرسىلە، ھەر ئىككىمىز ئوغۇللىرىمىزنى ئوقۇتۇپ موللا قىلايلى، ئۇلار ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىسۇن.

بۇ تەكلىپ شاھقا يېقىپتۇ. بۇ ئەلدە بىلىملىك ئۇستاز دەپ تونۇلغان بىر زات بار ئىكەندۇق، شاھ بىلەن ۋەزىر مەسلىھەتلىشىپ، شۇ ئۇستازنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئۆز مۇددىئالىرىنى بايان قىپتۇ. ئۇ ئۇستازمۇ: «بۇ ساۋابلىق ئىش ئىكەن» دەپ، تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ.



شۇنداق قىلىپ، شاھمۇ، ۋەزىرمۇ ئۆز ئوغۇللىرىنى بۇ ئۇستازغا تاپشۇرۇپتۇ. دەرس باشلىنىپتۇ. شاھنىڭ ئوغلى ھاماقەترەك ئىكەن، بىلىم ئېلىشقا قىزىقمايدىكەن، پەقەت شاھ ئاتىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەنلا مەجبۇرەن ئوقۇيدىكەن. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق بالا ئىكەن. ئۇ ئۇستازىنىڭ بەرگەن دەرسلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ تىڭشايدىكەن. شاھنىڭ ئوغلى ساۋاق بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، باغلارغا كىرىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلىدىكەن، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەي، كۆڭۈل قويۇپ دەرس تەكرارلايدىكەن. شۇ تەرىقىدە بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇش تاماملىنىپتۇ. بەش يىل ئىچىدە شاھنىڭ ئوغلى ناھايىتى ئاددىي نەرسىلەرنىلا بىلىۋاپتۇ،

مۇھىم دەرسلەر ئۇ قولىقىدىن كىرىپ، بۇ قولىقىدىن چىقىپ كەتكەچكە، ھېچقانچە بىلىم ئىگىلىيەلمەپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى بولسا، دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەچكە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەپتۇ، ھەتتا قۇشلار تىلىنىمۇ بىلىۋاپتۇ. قۇشلار تىلىنى ئۆگەنگەن ئادەم قۇشلارنىڭ دېيىشىۋاتقان گەپلىرىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىشكە بولىدىكەن، قۇشلار تىلىنى بىلمەيدىغانلارغا دەپ بېرىشكە بولمايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، دەرسلەر تۈگىگەندىن كېيىن ئۇستاز ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، شاھ بىلەن ۋەزىرگە ئوغۇللىرىنىڭ ئوقۇشنى تاماملىغانلىقىنى بايان قىپتۇ ۋە:

— ئىككى ئوغۇلنى ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. ئۆگەنگەنلىرى كۆپ، لېكىن بۇ بىلىملەرنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرگىنى يوق. مېنىڭچە، بۇ ئوغۇللار دۇنيانى يەنىمۇ تونۇشى ئۈچۈن جاھان كېزىپ، ئۆز ئالدىغا يۇرت ئايلىنىپ كەلسە، — دەپتۇ.

ئۇستازنىڭ بۇ تەكلىپى ۋەزىرنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ يېقىپتۇ، لېكىن شاھ ئۆز ئوغلىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، يۇرت سوراش بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئۇستازنى شاھ نۇرغۇن ئىنئام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپ، كۆندە ئۆز ئوغلىنى تەخت يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۇرت سوراشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، ئاردىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋەزىر يول

خىراجىتىنى غەملەپ، ئوغلىنى سەپەرگە ئاتلاندۇرماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئويۇن خۇمار شاھ ئوغلى يۇرت ئا-رىلاشنى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، دەپ تونۇپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىشقا شاھ ئاتىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. شاھ ئۇنىماپتۇ. ئەمما، شاھزادە بەك يې-لىنىپ - يالۋۇرۇپ تۇرىۋالغانلىقتىن، ئاخىر مۇشكۇلدە قوشۇلۇپتۇ. سەپەر تەييارلىقى پۈتۈپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بى-لەن شاھزادە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ھەر ئىككىسى ئون سەككىز ياشتىن ھالقىغان بولۇپ، بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقانىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇلازىم بالىلارنىمۇ ئال-ماپتۇ. دانىشمەن ۋەزىر ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويىدىغان چاغدا ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، ھەر ئىشتا ئېھتىياتچان، سە-گەك، ھوشيار بولۇشنى، شاھزادىنى ھۆرمەتلەشنى ۋە قوغداشنى تاپىلاپتۇ. شاھزادە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرگە بارغاندا كەچ كىرىپتۇ. ئۇلار بىر ئورمانلىقنىڭ چېتىدە بىر توپ چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئارام ئاپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەچكە، شاھزادە يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغ-لى كەچكى شەپەق نۇرىغا قارىغىنىچە سەپەر تەسىراتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپەرنى قانداق بېسىش توغرىسىدا ئويلىنىپ جىمجىتلا يېتىپتۇ. بىر چاغدا چىنار شېخىغا ئىككى شاتۇتى پۇررىدە ئۇچۇپ كېلىپ قونۇپتۇ، ئۇلار تىز-

دەك چىرايلىق شاتۇتىلار ئىكەن. ۋەزىرنىڭ ئوغلى جىممىدە قاراپ ياتسا، شاتۇتىلاردىن بىرى ئۆز ھەمراھىغا قاراپ:

— مۇشۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، يول جاپاسىنى يالغۇز شۇلا تارتىۋاتىدۇ. شاھزادە ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، يېيىشنى ۋە ئۇخلاشنىلا بىلىدۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئېغىر بىر يۈك بولىدۇ ئۇ ھاماقەت، — دەۋاتقۇدەك. ۋەزىرنىڭ ئوغلى يەنە قۇلاق سالسا، يەنە بىر شاتۇتىمۇ بۇنى قۇۋۋەتلەپ:

— راست، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ناھايىتى ئەقىللىق ھەم بىلىملىك. بۇلار سەپىرىدە چوڭ بىر كۆلگە دۇچ كېلىدۇ. كۆلنىڭ تەكتىدە دىۋە ئېلىپ قېچىپ ئەكېلىۋالغان ساھىبجامال بىر مەلىكە بار. ئۇ يىراق بىر مەملىكەت پادىشاھىنىڭ قىزى. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئوغۇل بالا بولسا، كۆلنىڭ شەرقىي چېتىگە بېرىپ قۇمغا كۆمۈپ قويۇلغان ئەڭگۈشتەرنى تاپىدۇ، شۇ ئەڭگۈشتەرنى قولغا ئالالىسا، كۆلنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ، — دەۋاتقۇدەك.

شاتۇتىلار شۇ پاراڭلارنى قىلىشقاندىن كېيىن پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ھېلىقى شاتۇتىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىچارە ساھىبجامال مەلىكىگە بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ، ئۇنى قانداق قىلىپ بولسۇن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.



تاڭ ئېتىپتۇ. ئۇلار ناشتا قىلىۋېلىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ ماڭا - ماڭا، دەل كۈن چۈش بولغاندا بىر كۆل بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار قارىغۇدەك بولسا، بۇ ناھايىتى چوڭ ھەم سۈيى تىرەن كۆلمىش. ئەتراپىدا دەل - دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرارمىش. شاھزادە بۇ ھاۋاسى سالقىن جاينى كۆرۈشى بىلەنلا دەررۇ دەرەخ سايىسىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ دېمىنى ئاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى كۆلنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ قۇملۇقنى ئاختۇرۇپ، شاتۇتى دېگەن ئەڭگۈشتەرنى ئاخىر تېپىپتۇ، قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ يولى ئېچىلىپتۇ. بىراق، شاھزادە كۆلنىڭ تەكتىگە چۆشۈشكە ئۇنىماپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا ئوغۇل بالا

دېگەن جەسۇر، مەردانە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ
ھەرقانچە سۆزلىسىمۇ، شاھزادە ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. ۋەزىر-
نىڭ ئوغلى ئاخىر ئۇنى سۆرەپ سۇغا چۈشۈرۈپتۇ. ۋەزىر-
نىڭ ئوغلىنىڭ قولىدا ئەگىشىپ سۈزۈپ بولغانلىقى ئۈچۈن،
ئۇلار كۆلگە قەدەم بېسىشى بىلەنلا سۇ ئىچىدە ئازادە يول
ھاسىل بوپتۇ. ئىككىسى شۇ يول ئارقىلىق ئۇدۇل كۆلنىڭ
تەكتىگە چۈشۈپتۇ. كۆلنىڭ تەكتىدە ھەيۋەتلىك سېلىنغان
بىر ئىمارەت باردەكمىش. بۇنداق كۆركەم سېلىنغان ئىما-
رەتنى ئۇ زاماندا دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدىن تاپقىلى بولماس-
مىش. ئىمارەتنىڭ پەلەمپەيلىرى مەرۋايىتتىن، ئىشىك -
دېرىزىلىرى ياقۇتتىن، تاملىرى ئۇلار ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ
كۆرۈپ باقمىغان ئېسىل نەرسىلەردىن ياسالغانمىش. ئۇلار
مەرۋايىت پەلەمپەينى دەسسەپ، ياقۇت ئىشىكتىن ئىچكىرى-
گە كىرىپتۇ. كىرىپ قارىسا، ھەربىر ئۆينىڭ تۆت بۇلۇ-
ڭىدا شام چىراغلار يېنىقلىق تۇرغۇدەك. شاھزادە ھاڭ -
تاڭ بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قاپتۇ. ئۇلار كۆرە -
كۆرە ئاخىر خۇددى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئوخشاپ كېتى-
دىغان، ناھايىتى چوڭ، ئازادە بىر ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ.
شاھزادە يەنە يەرگە سېلىنغان، تاملارغا ئېسىلغان گىلەم-
لەرگە، دېرىزىلەرگە تارتىلغان مەخمەل پەردىلەرگە ھاڭۋې-
قىپ قاراپ قاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى سەگەكلىك بىلەن
ئەتراپقا قارىسا، ئاي دېسە، كۈن دېسە، كۈن
ئەمەس ساھىبجامال بىر قىز مۈگدەپ ئولتۇرغۇدەك.

ساھىبجامال قىز ئۈلارنىڭ بۇ يەرگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى سالام بەرگەندىن كېيىن، سالماقلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، شاھزادە دوستى بىلەن بىرگە بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قىز بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەي شاھزادىلەر، مېنىڭ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. بۇ يەر تىلسىمات قىلىنغان جاي. ھازىر دىۋە يېتىپ كەلسە، سىلەرنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدۇ. بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىپ، جېنىڭلارنىڭ ئاغىسىنى قىلىڭلار، — دەپتۇ.

— ئەي ھۆرمەتلىك مەلىكە، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى، — بىز مۇشۇنداق خەۋپكە تەۋەككۇل قىلىپ بۇ يەرگە چۈشتۇق، دىۋە بىلەن جەڭ قىلىپ، سىزنى بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرماقچىمىز.

شاھزادە مەلىكىنى بىر كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. لېكىن، مەلىكىنىڭ: «بۇ يەر ۋەھشىي دىۋىنىڭ ماكانى، تېزرەك جېنىڭلارنىڭ ئاغىسىنى قىلىڭلار...» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن دوستىنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— بۇ ئەجەل ماكانىدىن تېزرەك چىقىپ كېتەيلى،

تېز بول، ماڭا يول باشلا، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئالدىرىما، ـــ دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى، ـــ مەن ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ھەرقانداق ۋەھشىي مەخلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. قورقۇنچاقلىق ئۆلۈمنىڭ بەلگىسى، قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ـــ ئۇنداق بولسا، سەن مەشەدە قال، مەن كېتىمەن، ـــ دەپتۇ شاھزادە.

مەلىكە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ جاسارىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپتۇ، شاھزادىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن يىرگىنىپتۇ. شاھزادە: «كېتىمەن» دېگىنى بىلەن كېتەلمەيدىكەن، چۈنكى ۋەزىرنىڭ ئوغلى يول باشلىمىسا، ئۇ ھېچ يەرگە كېتەلمەيدىكەن.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىش سەۋەبىنى ئاڭلاپتۇ... مەلىكە بۇ يەردىن ئون كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى بولۇپ، توي كۈنى دىۋە قارا بوران چىقىرىپ كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ قېچىپ بۇ يەرگە ئەكېلىۋالغانىكەن. دىۋە باشقا ھۇجرىدا ئۇخلايدىكەن، ھەر ئۇخلىغاندا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدىكەن، ئاندىن ئوزۇق ئەكېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كېتىدىكەن، ھەر قېتىم سىرتقا چىقسا، ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىدىكەن.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى شاھزادىنى بىر ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى دىۋە تۇرىدىغان ئۆيگە بىر ئۆڭكۈر كولاپتۇ،

ئاندىن ئۇستىگە قاپقاق بېكىتىپ، گىلەم سېلىپ قويۇپتۇ، ئۆزى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، دېۋىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا قارا بوران چىقىپ، هاۋا گۈلدۈرلەپ، دېۋىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بېرىپتۇ. هايال ئۆتمەي دېۋە هەيۋەت بىلەن كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئەتراپقا زەن قويۇپ قاراپتۇ، تىڭشاپتۇ، پۇراپتۇ. ئۇ تەلەتى يىرگىنچلىك هەم قورقۇنچلۇق، بويى ئاتمىش گەزدىن ئېگىز كېلىدىغان مەخلۇق ئىكەن. شاهزادە دېۋىنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي، شەپىسىنى ئاڭلاپلا قورققىنىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قاپتۇ. دېۋە مەلىكىدىن بۇ يەرگە ئادەمزاتنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سوراپتۇ، مەلىكە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

دېۋە شۈبهىلىنىپ، ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ، يەنە بىر قېتىم پۇراپ بېقىپ:

— ئادەمزاتنىڭ پۇرىقى كېلىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزىقكەنسىز، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ مەلىكە، — سىز ئېلىپ قېچىپ ئەكېلىۋالغان مەلىكە ئادەمزاتمۇ ياكى ئىنسۇ جىنمۇ؟

دېۋە بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بوپتۇ - دە، ئۇخلاپ قاپتۇ. هايال ئۆتمەي دېۋىنىڭ قاتتىق خورەك تارتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملەپ ئاستا ئۆڭكۈردىن چىقىپ، قىلىچ بىلەن دېۋىنىڭ بېشىغا

چىپىپتۇ. دىۋە بىر قىلىچ بىلەن ئۆلىدىغان مەخلۇق ئە-
مەس ئىكەن. ئەتراپ دىۋىنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويىد-
لىپتۇ. دىۋە چاچراپ قوپۇپ، دەھشەتلىك ھۆركىرەپ ۋە-
زىرنىڭ ئوغلىغا تاشلىنىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى دەل دىۋى-
نىڭ بوينىنى نىشانلاپ ئىككىنچى قىلىچنى ئۇرۇپتۇ. دىۋە
ھالسىراپتۇ، لېكىن جان تالىشىپ، تېخىمۇ ۋەھشىيلى-
شىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا شۇنداق تاشلىنىپتۇكى، ۋەزىرنىڭ
ئوغلى چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇۋرۇكنىڭ كەينىگە
دالدىغا ئالغانىكەن، دىۋە تۇۋرۇككە ئۇرۇلۇپ، تۇۋرۇك
غاراسلاپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇ-
چىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرۇپ دىۋىنى ئىككى پارچە قىلىۋې-
تىپتۇ. دىۋە ئۆلۈپتۇ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىمۇ چارچاپتۇ. مەلى-
كە ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ سەل ئارام ئې-
لىۋالغاندىن كېيىن، شاھزادىنى چىقىشقا دەۋەت قىپتۇ.
شاھزادە غال - غال تىترەپ، چىقىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ،
ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئاچىقىپتۇ. لېكىن، ئۇ دىۋىنى
كۆرۈپلا يەنە كەينىگە داجىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا دى-
ۋىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا ئاندىن سەل خا-
تىرجەم بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ھېلىقى ئۆڭكۈرگە دىۋىنى
كۆمۈپ تاشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كۆل تەكتىدە بىر مەزگىل تۇ-
رۇپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە سىرتقا چىقىپ چاچ تارىماقچى
بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلاپ، ئىجا-



زەت بېرىپتۇ. مەلىكە
ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ كۆل
بويىغا چىقىپ، ئەڭگۈش-
تەرنى تاش ئۈستىگە قو-
يۇپ، چېچىنى تاراشقا
كىرىشىپتۇ. بۇ چاغدا
باشقا بىر يۇرت پادىشاھى-
نىڭ شاھزادىسى شىكارغا
چىقىپ، بۇ كۆل بويىدىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن.
بۇ شاھزادە مەلىكىنى
يىراقتىن كۆرۈپ قې-
لىپ، شۇنداق بىر
قاراپلا ھۆسن - جامالىغا
ئاشىق بولۇپ، ھوشىدىن
كېتىپتۇ. قىز چېچىنى
تاراپ بولۇپ، ئەڭگۈشتەر-
نى ئېلىپ كۆلگە قايتىپ
چۈشۈپتۇ. ھېلىقى شاھزا-
دە بىلەن بىللە شىكارغا
چىققان نۆكەر يىگىتلەر
ئاتلىق يېتىپ كېلىپ
قارىسا، شاھزادە ئاتتىن

يىقىلىپ، يەردە بىھوش ياتقۇدەك. نۆكەر يىگىتلەر شاھزادى-
نى يۆلەشتۇرۇپ ئاتقا مىنگۈزۈپتۇ. شاھزادە پەقەت:
«قىز... قىز...» دېگەندىن باشقىنى بىلمەيدىكەن. نۆكەر
يىگىتلەر ئەتراپقا قارىسا، كۆلدىن، دەل - دەرەخلەردىن
باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. شاھزادىنى شەھەرگە ئەكەپتۇ.
ئۇ ھوشىغا كېلىپلا يەنە: «قىز... قىز...» دېگەننىلا
تەكرارلايدىكەن. پادىشاھ ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار بۇنىڭ سىرىد-
نى بىلىش ئۈچۈن بىر پالچى تېپىپتۇ. پالچى پال ئېچىپ،
شاھزادىنىڭ كۆل بويىدا ساھىبجامال بىر قىزغا ئاشىق
بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتكە
پەرمان جاكارلاپ، كىم شۇ قىزنى تېپىپ كەلسە پۈتمەس
- تۈگىمەس بايلىق بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ. بۇ مەم-
لىكەتتە ناھايىتى يامان بىر جادۇگەر موماي بار ئىكەن. ئۇ
بۇ جاكارنى ئاڭلاپ ئوردىغا كېلىپ، قىزنى چوقۇم تېپىپ
ئەكېلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ.

جادۇگەر موماي تۆت نۆكەرنى ئېلىپ كۆل بويىغا كې-
لىپ، ئورا كولاپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە
يەنە كۆل بويىغا چىقىپ، ئەڭگۈشتىرىنى تاش ئۈستىگە
قويۇپ قويۇپ، چاچ تاراشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ماراپ ياتقان
جادۇگەر موماي ئاستا ئوردىن چىقىپ، تۈيدۈرماي كېلىپ
ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ، نۆكەرلەر ئوردىن يۈگۈرۈپ
چىقىپ مەلىكىنى تۇتۇۋاپتۇ، چۈنكى ئەڭگۈشتەر بولمىغاچ-
قا، مەلىكە كۆل ئىچىگە چۈشۈشكە ئامالسىز قالغانىكەن.

جادۇگەر موماي قىزنى تۇتۇپ بېرىپ، پادىشاھتىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام ئاپتۇ. پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي باشلاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن شاھزادە خېلىغىچە ساقلىغان بولسىمۇ، مەلىكە كۆلگە قايتىپ چۈشمىگەندىن كېيىن ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئەنسىرەپ، شاھزادىگە سىرتقا چىقىپ ئىزدەپ بېقىشنى مەسلىھەت قىپتۇ. لېكىن، شاھزادە ھۇرۇنلۇق قىلىپ سىرتقا چىقىشقا ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ۋەزىرنىڭ ئوغلى سىرتقا چىقىپ قارىسا، مەلىكە يوق تۇرغۇدەك. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئاياغ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپ، ماڭە - ماڭە بىر شەھەر يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. شەھەردە ناغرا - سۇنايلار چېلىنىۋاتقۇدەك. ۋەزىرنىڭ ئوغلى شەھەر سىرتىدا بىر دېھقان يىگىتتىن ئەھۋال ئۇقۇشۇپتۇ. دېھقان يىگىت:

— شەھەردە ھازىر شاھزادىنىڭ تويى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى بىر كۆل بويىدا بىر پەرىزاتقا ئاشىق بولغانىكەن. بىر موماي بېرىپ پەرىزاتنى تۇتۇپ ئەكەلدى. پەرىزات بۇ تويغا بەك نارازى ئىكەن، مەجبۇرىي توي بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى بۇ يىگىتكە ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن دېھقان يىگىت ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ شاھ ئوردىسىدا ئىشلەيدىغان كېنىزەك سىڭلىسى بار

ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ-
تۇ، ئاتلارنىمۇ تەييار قىلىپ قويۇپتۇ. دېھقان يىگىت ۋە-
زىرنىڭ ئوغلىنى كېنىزەك سىياقىدا ياساندۇرۇپ، سىڭلى-
سىغا تاپشۇرۇپتۇ. سىڭلىسى ئۇنى ئوردىغا ئەكىرىپتۇ. ئۇ
ئۇ يەردە ئىككى كۈن ئىشلەپ، باشقا كېنىزەك، ئاغىچا-
خېنىملارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپتۇ، ئاخىر مەلىكە بار
ئۆيگىمۇ كىرەلەيدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى بۇ «كېنىزەك» مەلىكىنىڭ قولىغا پى-
چىرلاپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ-
تۇ. مەلىكە بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى
مەلىكىگە ئاستا شىۋىرلاپ:

— سىز يالغاندىن شاھزادىگە ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭ
ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈڭ.
ئاندىن مەن بەلگە بەرگەن كۈنى باغقا چىقىپ سەيلە قى-
لىشقا ئىجازەت سوراڭ، — دەپتۇ. تولا يىغلاپ چىراي
ئاچمىغان مەلىكە چىراي ئېچىپ، شاھزادىگە ماقۇل بوپتۇ.
شاھزادە بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. مەلىكە يېقىنلىشىپ
يۈرۈپ ئاخىر ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ، ئىككىنچى
كۈنى باغدا سەيلە قىلىشقا ئىجازەت سوراپتۇ، شاھزادە ئى-
جازەت بېرىپتۇ. باغ سەيلىسىگە كېنىزەك قىياپىتىگە كى-
رىۋالغان ۋەزىرنىڭ ئوغلىمۇ بىرگە چىقىپتۇ. ئۇلارغا كۆز-
قۇلاق بولۇپ چىققان يەنە باشقا مۇلازىم ئاياللارمۇ بار ئى-
كەن، ئۇلارنى باغ ئىچىدە ئېزىقتۇرۇۋېتىپتۇ. باغ تېمىنىڭ

ئۇ تەرىپىدە دېھقان يىگىت بىر ئاتنى تەييارلاپ تۇرغان-
كەن، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بەلگە بېرىشى بىلەن تەڭ مەلىكىنى
تامدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئاتقا مىندۇرۇپ ئېلىپ قېچىپ كې-
تىپتۇ. قېچىشتىن ئىلگىرى، چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن
يىگىتنىڭ سىڭلىسىنى بىر ئالما دەرىخىگە مەھكەم باغلاپ
قويۇپتۇ. ئۇلار قېچىپ كېتىشى بىلەن ھېلىقى ماراقچى ئا-
ياللار يېقىنلاپ قاپتۇ. دېھقان يىگىتنىڭ سىڭلىسى شۇ
چاغدىلا:

— ئادەم بارمۇ؟! ئۇلار قاچتى! قاچتى! — دەپ
توۋلاپتۇ. ئاياللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ كېنىزەكنى يېشىپ-
تۇ. ئوردا ئىچى ئۆرتۆپە بولۇپ كېتىپتۇ. قاچقۇنلارنى
دەرھال كەينىدىن قوغلاپتۇ، لېكىن يېتىشەلمەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ، ساق - سالامەت
كۆلگە قايتۇرۇپ ئەكەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكىگە نۇرغۇن نەسىھەت قىلىپ،
ئۆز دوستى شاھزادىگە ياتلىق بولۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ، مەلىكە
بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ، چۈنكى ئۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى ياخشى
كۆرىدىكەن. ۋەزىرنىڭ ئوغلى سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا
يېلىنىپ:

— مەلىكە، مەن بۇنى بىلىمەن، لېكىن شاھزادە سىزنى
ياخشى كۆرىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم
بولىدۇ. مەن ئۆز دوستۇمغا سادىق بولۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ
خۇشاللىقى — مېنىڭ خۇشاللىقىم، ئۇنىڭ قايغۇسى —

مېنىڭ قايغۇم. مېنىڭ دوستۇم سىزنى ياخشى كۆرىدۇ،
مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئىزدىسىڭىز، شاھزادىگە ماقۇل دەڭ، —
دەپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ، ئاندىن قائىدە بويىچە
ئاۋۋال شاھزادىلەرنىڭ توينى قىلىپ بولغاندىن كېيىن
ئاندىن ۋەزىرلەرنىڭ ئوغلىغا نۆۋەت كېلىدىغانلىقىنى
چۈشەندۈرۈپتۇ.

مەلىكە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئاخىر
ئىلاجسىز شاھزادىگە ياتلىق بولۇشقا قوشۇلۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يول تەييارلىقىنى قىلىپ كۆل-
دىن چىقىپ، ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ، تاغ -
داۋانلار ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ مېڭىپتۇ،
مېڭىپتۇ. مېڭىپ يېرىم يولغا كەلگەندە، بىر چاپارمەن
ئۇلارغا شاھنىڭ خېتىنى يەتكۈزۈپتۇ. خەتتە شاھ ئۆز ئوغ-
لىنىڭ بىر ساھىبجامال مەلىكىنى ئەكېلىۋاتقانلىقىدىن
خەۋەر تېپىپ خۇشال بولغانلىقىنى، قارشى ئېلىشقا شەخ-
سەن ئۆزى ئالدىغا چىقىدىغانلىقىنى يازغانىكەن. ئۇلار ئۆز-
لىرىنىڭ ئۈچ كۈندە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئور-
دىغا سالام يوللاپ، چاپارمەننى يولغا سېپتۇ. ئۇلار يەنە بىر
كۈن مېڭىپ، ئاخشىمى بىر يەرگە كەلگەندە دەم ئاپتۇ.
شاھزادە يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. مەلىكە كەچكى شەپەق نۇ-
رىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى بېشىد-
دىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئويلاپ جىممىدە ياتسا،
بېشى ئۇستىدىكى چىنار شېخىغا يەنە بىر جۈپ شاتۇتى

ئۇچۇپ كېلىپ قونۇپتۇ. بىر شاتۇتى مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي... ھازىر شاھزادىنىڭ ھاياتىغا قارا كۆلەڭگە چۈشتى. شاھ ئاتىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەۋاتىدۇ.

— ئاتىسى ئۆز ئوغلىنى قەستلەۋاتامدۇ؟ — ھەيران قالغان ھالدا سوراپتۇ ئىككىنچى شاتۇتى.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، شاتۇتىلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالپتۇ.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەسلەپ گەپ باشلىغان شاتۇتى، — دانىشمەن ۋەزىر ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھاماقەت بىر ئادەم ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولدى. ھازىر زامان زورنىڭ بولۇپ كەتتى. پادىشاھمۇ يولدىن چىقتى. مانا بىر ساھىبجامال مەلىكىنى دەپ، پادىشاھ ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— لېكىن، — دەپتۇ ئىككىنچى شاتۇتى، — ئىنسانلار ئارىسىدا مەرھۇم دانىشمەن ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلىدەك ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەملەر ئاز ئەمەسقۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، — دەپتۇ دەسلەپ گەپ باشلىغان شاتۇتى، — لېكىن ھازىر شاھزادىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان تۆت خەۋپ بار. بىرىنچى خەۋپ، شاھ ئوغلىنى قارشى ئالغىلى چىققاندا ئۇنىڭغا ئۆگىتىلمىگەن شاش ئات سوۋغا قىلىدۇ. شاھزادە ئۇنى مىنگەن ھامان ئات ئۇنى يەرگە ئېتىپ دەسسەپ - چەيلىۋېتىدۇ، ئەگەر ۋەزىرنىڭ ئوغلى مىنسە، شاش ئات ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئىككىنچى خەۋپ،

شاھ ئوغلىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بىر زىنىنەت دەرۋازى-سى ياساتتى. ئەگەر شاھزادە بىرىنچى بولۇپ دەرۋازىدىن كىرىدىغان بولسا، دەرۋازا ئۆرۈلۈپ، ئۇنى بېسىپ ئۆلتۈرىدۇ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىرىنچى بولۇپ كىرسە، شاھزادە خەۋپتىن قۇتۇلىدۇ. ئۈچىنچى خەۋپ، شاھ ئوغلىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ، بىرىنچى بولۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا تاماق ئەكېلىدۇ. بۇ زەھەر سې-لىنغان تاماق، شاھزادە ئۇنى يېگەن ھامان ئۆلىدۇ، ئەگەر ۋەزىرنىڭ ئوغلى بۇ قاچىنى ۋاقتىدا ئۆز ئالدىغا تارتىۋال-سا، شاھزادە خەۋپتىن قۇتۇلىدۇ. تۆتىنچى خەۋپ، شاھ ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا بىر زەھەرلىك يىلاننى ئەكىرىپ قويىدى، كېچىسى ئۇخلاپ قالغاندا يىلان چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئەگەر ۋەزىرنىڭ ئوغلى راستىنلا شاھزادىنىڭ ھەقىقىي دوستى بولسا، كىرىپ بۇ يىلاننى ئۆلتۈرۈۋەتسە، شاھزادە ئامان قالىدۇ. ناۋادا بۇ ئىشلارنى ۋەزىرنىڭ ئوغلى خەققە ئاشكارىلاپ قويسا، ئۆزى تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

— تاشقا ئايلىنىپ كەتسە، كېيىن قانداق بولىدۇ؟ — قىزىقىپ سوراپتۇ يەنە بىر شاتۇتى.

— ئەگەر شاھزادىمۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ ھەقىقىي دوستى بولسا، تۇنجى بالىسىنى بوغۇزلاپ، تاش ئادەمگە قېنىنى تامغۇزسا، ئەسلىگە كېلىدۇ.

شاتۇتىلار شۇ پاراڭلارنى قىلىشقاندىن كېيىن، يەنە يۇرىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىغا چەكسىز قايغۇ-رۇپتۇ، باشقىلارغا تۇيدۇرماي، ئىچىدە ئۈنسىز يىغلاپتۇ، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ يىغلاپتۇ، يىغلاپتۇ، يىغلاپ ئول-تۇرۇپ، دانىشمەن ئاتىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىپتۇ، ئاندىن دوستى شاھزادىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالا - قازالارنى ئويلاپ غەمگە چۆكۈپتۇ...

ئۇلار شۇ يەردە قونۇپ، ئەتىسى قوپۇپ يەنە بىر كۈن مېڭىپتۇ. ئۆگۈنلۈكى قارشى ئالدىغا چىقىشقان شاھ ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. داقا - دۇمباق، كاناي - سۇنايلار چېلىنىپتۇ، ئالقىش سادالىرى ياڭراپتۇ.

شاھ ئوغلىنىڭ ئالدىغا شايى يوپۇق يېپىلغان توسۇن ئاتنى كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە خۇشال بولۇپ ئاتنى مىنمەكچى بوپتۇ، لېكىن ۋەزىرنىڭ ئوغلى چاققانلىق قىلىپ دەررۇ ئاتنى مىنىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توسۇن ئات ئۆز «ھۈنە-رى»نى كۆرسىتىشكە ئامالسىز قاپتۇ. لېكىن، بۇ ئىش شاھزادىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا يىل بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلار بولغاچقا، ئاغىنىدار-چىلىق يۈز - خاتىرىسىنى دەپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ھەشەمەتلىك زىننەت دەۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇلارنى مىڭلىغان كىشىلەر زىننەت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى

قاسىنقىدا تۇرۇپ كۆتۈپ تۇرغانىكەن. ئالقىش سادالىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھ ئوغلىنى زىنىنەت دەرۋازىسىدىن كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە خۇشال بولۇپ، ئەمدىلا قەدەم بېسىپ مېڭىشىغا، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئالدىغا ئۆتۈپ، بىرىنچى بولۇپ زىنىنەت دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى كىرىپ بولۇشىغا دەرۋازا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ، شاھزادە ئامان قاپتۇ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىمۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ.

شۇ ئاخشىمى شاھ ئوغلىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتكە خان جەمەتى، پۈتۈن ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ ناھايىتى نۇرغۇن مېھمان تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلۇپتۇ. ئاشپەزلەر شاھنىڭ ئەمرى بويىچە يەتمىش ئىككى داش قازاندا يەتمىش ئىككى خىل لەززەتلىك تائام تەييارلاپتۇ، ئۈزۈم شارابلىرىدىن تارتىپ، قىمىز - بوزىلارغىچە تۈرلۈك ئىچىملىكلەر ھازىرلىنىپتۇ.

زىياپەت باشلىنىپتۇ. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا غىزا تارتىلىشقا باشلاپتۇ. شاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئەڭ دەسلەپكى قاچا شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا ۋەزىرنىڭ ئوغلى بۇ قاچىنى شاققىدە ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، ئىككىنچى قاچىنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە كۆڭلىدە نارازى بولۇپ: «بۇ مەن بىلەن ئابرۇي تالىشىپ، مېنى مازاق قىلماقچى، كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا

قىلماقچى. ئىككى قېتىم مۇشۇنداق قىلدى، كەچۈردۈم، بۇ قېتىم زادى كەچۈرمەسلىكىم كېرەك !» دەپ ئويلاپ، يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەزەپلىنىش ئالامەتلىرىنى كۆرگەن مەلىكە ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەررۇ سېزىپ، ئىشارەت بىلەن ئۇنى توختىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئىچىدە: «خەپ توختاپتۇر، سېنىڭ رەزىل نىيىتىڭنى پاش قىلىپ، ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ.

زىياپەتتىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز ھۇجرىلىرىغا تارقىلىپ، ئۇخلىغىلى يېتىشىپتۇ. ھەممە ئۇخلاپ كەتكەن مەھەلدە ۋەزىرنىڭ ئوغلى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئاستا شاھزادىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ ۋە زەھەرلىك يىلاننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا يوغان بىر چار يىلان كۈشۈلدىغىنىچە تۆشۈكتىن چىقىپ، شاھزادىنى چاقماقچى بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى يىلانغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا كۈتۈلمىگەندە يىلاننىڭ ئاغزىدىن چىققان بىر تېمىم زەھەرلىك شۆلگەي مەلىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغان كۆكسىگە چاچراپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى تىت ـ تىت بوپتۇ، چۈنكى زەھەر ئۇزۇنراق تۇرسا، مەلىكىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا، ئۇ دەررۇ ئۇنى تازىلىۋەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن، دەماللىققا بۇ ھۇجرىدىن سۈرتۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر نەرسە تاپالماپتۇ، پاختا تېپىپ چىققۇچە ۋاقىت ئۇزىراپ



كېتىدىكەن. ئامالسىز قالغان ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئاخىر بۇ زەھەرنى تىلى بىلەن يالاپ ئېلىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ دەررۇ ئېڭىشىپ زەھەرنى تىلى بىلەن يالاپ، پاكىز تازىلىۋېتىپتۇ. لېكىن، بۇ چاغدا مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شاھزادىمۇ ئويغىنىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەمدى رەزىل مەقسىتىڭ ئاشكارا بولدى. ئۆلتۈرمەي قويمايمەن ! — دەپ چاچراپ قوپۇپ، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچنى قولىغا ئاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى سۆزلىگەچ ئۆزىنى قوغداپتۇ. مەلىكە ئىككىسىنى ئاجرىتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى تېخىچە قىمىرلاپ جان تالىشىۋاتقان يىلاننى كۆرسىتىپ، بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەرمەكچى بوپتۇ. بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسە ئۆزىنىڭ تاشقا ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۆزىنى سېغىنسا، تۇنجى پەرزەنتىنى بوغۇزلاپ، تاش ھەيكەلگە قېنىنى تامغۇزۇش لازىملىقىنى ئالدىن ئېيتىپتۇ، ئاندىن شاھنىڭ ئۆز ئوغلىغا قەست قىلىش ھەرىكەتلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ توسۇن ئات ۋەقەسىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئىككى پۇتى تاشقا ئايلىنىپتۇ. ۋەھىمىلىك زىننەت دەرۋازىسىدىن ئۆتۈشتە شاھزادىنى دەرۋازا بېسىۋېلىشتىن ساقلاپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بېلىگىچە تاشقا ئايلىنىپتۇ. زەھەر سېلىنغان تائامنى يېيىشتىن ساقلاپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بولغاندا بويىنىغىچە تاشقا ئايلىنىپتۇ. ئاخىرقى قېتىم زەھەرلىك يىلاننى پايلاپ تۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭ زەھىرىنىڭ بىر تامچىسى مەلىكىنىڭ مەيدىسىگە چاچراپ كەتكەنلىكىنى، مەلىكىنىڭ ھاياتىنى قوغداش يۈزىسىدىن زەھەرنى تىلى بىلەن يالاپ ئېلىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن تامامەن تاشقا ئايلىنىپتۇ. مەلىكە تاش ھەيكەلنى قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى: «مېنى زۇلۇم - كۈلپەتتىن قۇتقۇزۇپ، مەشەگە ئەكەلگەن ئىگەم...» دەپ ئۆز ئاكىسى قاتارىدا كۆرەر ئىكەن. شاھزادىمۇ ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن،

چىن دوستلۇق بۇرچىنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇندىغان-لىقىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپتۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق سادىق دوستىغا تىغ تەڭلىگەنلىكىگە پۇشايمان قىپتۇ...

مەلىكە تاش ھەيكەلگە توپا قونمىسۇن دەپ، ھەر كۈنى پاكىز سۈرتۈپ تۇرىدىكەن ۋە ھەيكەلگە قاراپ يىغلايدىكەن. مەلىكە بۇنداق ساداقەتمەن چىن دوستنى، ساپ دىل، مەرد، زىرەك، باتۇر يىگىتنى ئۆمرىدە ئۇچراتمىغانىكەن.

شاھ ئۆز سۈيىقەستلىرىنىڭ بىرىمۇ كارغا كەلمىگەن-لىكى ئۈچۈن كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە بەش ـ ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھلىق شاھزادىگە قاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ تاش ھەيكىلى ئۇنىڭ ھۇجرى-سىدا ھامان شۇ ئىسكەتتە تۇرىدىكەن. ئۇ تاش ھەيكەلگە قاراپ دوستىنى سېغىنىدىكەن. تۇرمۇش ئۇنى تەربىيىلەپ-تۇ، بۇرۇن چۈشەنمىگەن، بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىۋاپتۇ، بىلىۋاپتۇ. ئۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن دوستلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپىيىپ كەتكەن بولسى-مۇ، لېكىن ۋەزىرنىڭ ئوغلىدەك چىن دوست ئۇنىڭغا تې-پىلماپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۇنى سېغىنىدىكەن، سېغى-نىپ ئۇنىڭ ھېچ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. شۇنداق ياخشى دوستىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىدىكەن.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

ئەر ـ خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ، بوۋاقنى بوغۇزلاپ قېنىنى ھەيكەلگە تامغۇزۇپتۇ. ئىسسىق قان ھەيكەلنىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە سىرغىپ چۈشكەندىن كېيىن ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئەسلىگە كەپتۇ ۋە دوستىغا قاراپ كۈلۈپتۇ. ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى سىقىپ، ئۆمۈرلۈك دوست ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە دوستىنى ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەپ ئۆتۈش يۈزىسىدىن تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ۋەزىر بوپتۇ. يىراق بىر مەملىكەت پادىشاھىنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى مەلىكىنىڭ دوستى ئىكەن، مەلىكە ئۆزىنىڭ بۇ دوستىنى ئۇنىڭغا تېپىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىككى دوستىنىڭ ھەر ئىككىلىسى پەرزەنت كۆرۈپ، يۇرتنى ئادىل سوراپ، ئۆمۈرۋايەت ئىناق دوستلاردىن بولۇپ ئۆتكەنىكەن.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "546L5a2Q5LiO6a2U6ay8IOe7tOWQvuWwlOaWh180MDIwOTg5MS56aXA=",
  "filename_decoded": "\u738b\u5b50\u4e0e\u9b54\u9b3c \u7ef4\u543e\u5c14\u6587_40209891.zip",
  "filesize": 30386757,
  "md5": "a14ab1918831f6ce328d01da51643500",
  "header_md5": "8c78cf69efc035f6b67df7b490bfe068",
  "sha1": "384c9bf100b6c3fb825e474222bcb64a83d66c82",
  "sha256": "0d35ace90e103bb2e3dd1b2f34154abba844fa8cec1e2723db37fb5e813d659f",
  "crc32": 1247696810,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 32250025,
  "pdg_dir_name": "\u2550\u2321\u256b\u2559\u2559\u03b4\u2500\u00ba\u2563\u03c6
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209891",
  "pdg_main_pages_found": 77,
  "pdg_main_pages_max": 77,
  "total_pages": 86,
  "total_pixels": 337152078,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}